
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## 中国穆斯林　　المسلم الصيني



مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة　2003.3

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



2003- يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ بىرلىكسەپ بۆلۈمى كۈتۈشخانىسىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىددىن ھاجى، سىددىق ما جۇڭجى قاتارلىقلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



2003- يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشلىقى نيۇ ماۋشېڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ، رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.



2003- يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى 1999- يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە دارىلفۇنۇن رەھبەرلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



2003- يىل 6-ئاينىڭ 5- كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ 4- قارارلىق تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇناسىۋەتلىك رەھبەر ۋە ئوستازلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

# «ھەدىس شەرىف»تىن

## ۋابا ۋە ئاغرىق-سىلاق توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بىرەر جايدا ۋابا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە بارماڭلار، ئەگەر سىلەر تۇرۇۋاتقان جايدا ۋابا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قېچىش يۈزىسىدىن ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار".
(بۇنى بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

"يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىغۇچىنى ساق كىشىلەرگە ئارىلاشتۇرماڭلار"
(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "داۋالىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا قېرىلىق كېسەللىكىدىن باشقا بىرەر كېسەللىكنى بەرگەنىكەن، ئۇنىڭغا داۋاسىنى قوشۇپ بېرىدۇ" دېدى.
(بۇنى ئەسھابۇسسۇنەن رىۋايەت قىلغان)

## ▼ ئالاھىدە خەۋەرلەر ▼

مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ يەندۇڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.............. ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (4)

## ▼ ئىسلام ئەقىدىلىرى ▼

ئىسلام دىنى خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، خەير-ساخاۋەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ .............. ئابدۇخالىق ئوسمان ھاجى (6)

## ▼ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ▼

«قۇرئان كەرىم» ۋە ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى .............................................. مۇھەممەت ئابدۇرېھىم (10)
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ھاراممۇ؟ .............. ياقۇپ ھەمدۇللا ساdىق ياقۇپ (14)
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە ئەسلەتمە .............. غەيرەتجان ئوسمان (20)

## ▼ ۋەز-تەبلىغ ▼

ياخشىلىققا يۈزلىنىپ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈش — بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى .............. يۈسۈپ قادىر پەتتار (22)
تەكەببۇرلۇق ھارامدۇر.............. ئابدۇللا ھوشۇر (25)

## ▼ چاھارىيار خەلىپىلەر ▼


ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىكى .............. يۈسۈپجان سەمەت ئەپفىي (27)

## ▼ ئالىم-ئۆلىمالار ▼

ئىجتىھاتلىق تۆھپىكار ئالىم — مۇھەممەد سالىھ داموللا .............................................. ئادىل تۇنىياز (34)

## ▼ ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر ▼

پەرزەنت تەربىيىلەش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتىدۇر.............. خېلىل ھۈسەن (قىرغىز) (40)
پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى توغرىسىدا .............................................. ئابدۇللا مامۇت (42)




جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)
(ئومۇمىي 68-سان 总第68期)
باش مۇھەررىر:
شەمشىدىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ھاجى بارات رەجەپ
تېخنىك تەھرىر:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
تەكلىپلىك تەھرىر:
ئادىل ھاجى كېرەم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
شەمشنۇر ھوشۇر
主　　编: 夏米西丁・哈吉
副 主 编: 巴拉提・热吉甫
技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德
特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木
封面设计: 夏美希努尔・吾守尔
刊号
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B
邮发代号: 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720
国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

مۇندەرىجە

## ▼ ئىسلام دىنى ۋە ساغلاملىق ▼

ئىسـلام دىنىنىـڭ سـاقلىقنى سـاقلاش، يۇقۇملـۇق
كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەندىزىلىرىگە بىر نەزەر...
........................... خېي باۋشۇ، ليۇ خۇڭجۈن (44)
ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكەت يولى— ئەيدىز كېسىلى ..................
.................................. ئۆمەر ئادىل ئابدۇرېھىم (49)

## ▼ زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەر ▼

ئىسلام دىنى ھاراق ئىچىشنى قەتئىي چەكلەيدۇ ............
.................................. قۇربان مەتمىن (55)
زەھەردىن يىراقلىشىپ، كەلگۈسنى قەدىرلەيلى ............
.................................. ھاجى مەھمۇدى (58)

## ▼ مەسچىت- مەدرىسلەر ▼

قۇمۇل ھېيتگاھ جامەسى ................ ئەخمەت ياقۇپ (59)

## ▼ ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى ▼

ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار شىنجاڭ ئاپەت رايونىدىكى
مۇسۇلمانلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى ..........................
.................................. ئۆز مۇخبىرىمىز (61)
پەيزاۋات ناھىيىلىك ئىسلام دىنى3-قېتىملىق ۋەكىللەر
يىغىنى چاقىرىلدى................. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (13)

## ▼ ئىسلام مائارىپى ▼

شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، ياقۇپ ھاجى، توختى ئاۋۇت، غالىبىيەت
ھاجى، ئابدۇللەھەد ئالىملار تەمىنلىگەن خەۋەرلەر .................. (62)

## ▼ تۆھپىكار دىنىي زاتلار ▼

ياقۇپ ھاجى، شاھمەردان ئىمىننىياز قاتارلىقلار خەۋىرى .................. (63)

## ▼ ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ▼

غېنجان يۇسۇپ، رىزۋانگۇل ھاشىملار خەۋىرى ........................ (63)

## ▼ ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ▼

ھىجرىيە 1424- يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى ....... (64)

مۇقاۋىدا: ئىران ئىسپاھاندىكى شەيخ لۇتپۇللا مەسچىتى

( بۇ سان2003-يىل 9- ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقتى )

2003

3

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگـۈچى، نەشـر قىلغۇچـى: «جۇڭگـو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشـتەرى قوبـۇل قىلغۇچـى ۋە تارقـاتقۇچى: مەملىكەتنىـڭ ھـەر قايسـى جايلىـرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۇۋ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073

تېل: 83520073 ، 63513181 - 010

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001

تېل: 0991-2566193

جۇڭگو خـەلقئارا كـىتاب سودىسـى بـاش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.

主　办：中国伊斯兰教协会

编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部

印　刷：中央民族大学印刷厂

订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部

地址：北京市宣武区南横西街103号

邮编：100053 电话：010 - 63513181

010 - 83520073（兼传真）

新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号

邮编：830001电话：（0991）2566193

国外发行：中国国际图书贸易公司

www.uyghurkitap.com

# مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ 6- ئاينىڭ 25- كۈنى بىرلىكسەپ بۆلۈمى كۈتۈشخانىسىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەلى ليۇ شۇ شياڭ، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۇي، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمسىددىن ھاجى، سىددىق ما جۇڭجېلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، مۇئاۋىن باش كاتىپى، 2- ئىدارە باشلىقى چاڭ رۇڭجۈن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىقلار سۆھبەتتە بىللە بولدى.

ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا ئالدى بىلەن ليۇ يەندۇڭ، جۇ ۋېيچۈن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراش ۋاقتىدا ۋاقىت ئاجرىتىپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى. شۇنداقلا ۋەز-تەبلىغ خىزمىتى، "سارس"تىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكلىرىنىڭ يېزىلىشى ۋە تولۇقلاپ تۈزىتىلىشى، ئىسلام دىنى ساھەسىدە ۋەكىللىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىلىي ۋە ئىسلاھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەزھەپلەر ۋە تەرىقەت سۇلۇكلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج تاۋاپىنى ياخشى يولغا قويۇش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە دوكلات قىلدى.

ليۇ يەندۇڭ بۇ دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى" سارس" قا قارشى كۈرەشتە ئالاھىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ،" سارس" قا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا چاقىردى، جەمئىيەتنىڭ نورمال خىزمىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ئىدارىسىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ" سارس" تىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ئاكتىپ ياخشى ئىشلەپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش توختىتىشىنى قەتئىي مۇراجىئەت قىلىش توغرىسىدا بايانات»، رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا «پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق خەت» ئېلان قىلىپ، كەڭ دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى مەركەزنىڭ تەدبىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى، بۇنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى تۇراقلىق بولدى، ئۇلار ھۆكۈمىتىمىزنىڭ باياناتى ۋە مەۋقەسىنى ھىمايە قىلدى ۋە قوللىدى".

ليۇ يەندۇڭ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ"سارس" قا قارشى تۇرۇش ۋە ئىراق سوقۇشى جەريانىدىكى ئىپادىسى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈپ، ئىتتىپاق بولۇپ ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ، مۇقىملىقنى قوغدايدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىمۇ ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە بويسۇنۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشەنچكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلالىشى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى بولۇپ، بۇنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئىشلىگەن خىزمىتىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىگە، بارلىق خىزمەتچىلىرىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى دوستلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن".

ليۇ يەندۇڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتى توغرىسىدا تۆت تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئېيتىپ ئۆتتى:

بىرىنچى،" ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش " مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك بىرلىكسەپ خىزمىتىدىكى بىرىنچى مۇھىم ئىش. بۇ مۇھىم ئىدىيىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەمەلىيەت ئاساسى، ئىلمىي ئىچكى مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى ۋە تارىخىي ئورنىنى ئىگىلەشكە تىرىشىش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ " ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" مۇھىم ئىدىيىسىگە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىگە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆملۈكىنى

كۆچەيتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش كېرەك. كەڭ مۇسۇلمانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش يولىدا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئىككىنچى، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش جەھەتتە داۋاملىق تۈردە ئاكتىپ ۋە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. بۇ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم بىر ۋەزىپە. دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت دىنىي كىتابتىكى ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەش، دىنىي ئەقىدىلەردىكى جەمئىيەتنى راۋاج تاپقۇزۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە پايدىلىق ئاكتىپ مەزمۇنلارنى تولۇق قېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىدىكى ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلار ئاكتىپ ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇپ، قېزىپ چىقىشقا، راۋاجلاندۇرۇشقا تېگىشلىك. 2001- يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇپ، ۋەز-تەبلىغ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. بۇ خىزمەتنى مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر كۆپ قېتىم مۇئەييەنلەشتۈردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىزمەتنى داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى يولىدا يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك. ھازىر مەملىكىتىمىزدە مىللىي، دىنىي خىزمەت ۋەزىيىتى ياخشى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ياخشى ۋەزىيەتتە تۇرماقتا. لېكىن جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر مۇنچە ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت. مىللىي، دىنىي ئامىللارغا چېتىلىدىغان بەزى تاسادىپىي ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، بەزى ئاشكارا كىتاب، ژۇرنال، ئاخبارات خەۋەرلىرى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ۋە ئالاقىلىشىش تورلىرىدا مىللىي، دىنىي سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا زەرەر يەتكۈزىدىغان مەزمۇنلار كەينى-كەينىدىن چىقتى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى جەمئىيەت مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئېغىر ۋەقە دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ئىشلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم ھۆججەت چۈشۈردى. بىز بۇ جەھەتتىكى خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەشۋىقات ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، بۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسىمىز. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى مىللىي، دىنىي جەھەتتە يۈز بەرگەن تاسادىپىي ۋەقەلەرنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەملىشىپ، ئالاھىدە رول ئويناپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن گۆھەرلىك تۆھپە قوشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ داۋاملىق تۈردە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى، يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر يۈز بەرگەندە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلىنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدا ئېتىقادچى ئاممىغا تەربىيە قىلىشىنى، ئاممىنى ئۆزلىرىنىڭ تەلەپ- ئارزۇلىرىنى نورمال يول بىلەن ئىپادىلەشكە يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆتىنچى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىش، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولغا ئىگە. دىنىي ساھەدىكى يېڭى بىر ئەۋلاد ۋەكىللىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپە. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تىرىشىپ ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپا ۋە دىنىي ئىلىمگە ئىگە، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، كەڭ ئېتىقادچى ئامما ھىمايە قىلىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدىغان دىنىي زاتلار قوشۇنىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي زاتلار قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش ۋە بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە مۇھىم كۈن تەرتىپكە قويۇپ، قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى. ئەسلىدە 5- ئايدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان خاتىرىلەش پائالىيىتى ''سارس'' كېسىلى سەۋەبىدىن كېچىكتۈرۈلدى. خاتىرىلەش پائالىيىتىنى يەنىلا ئېلىپ بېرىش كېرەك. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئارقىلىق، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

ئاخىرىدا لىۋ يەندۇڭ: ''مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ ئائىلىسى، دىنىي ساھەدىكى دوستلارنىڭ ئائىلىسى، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىپ، كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشۇپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئارزۇسىدىمەن'' دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنى خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ خەير-ساخاۋەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ

ئابدۇخالىق ئوسمان ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى بىلىم-ئەقىدە، ئىخلاس، راستچىللىق، مېھرى-شەپقەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان، شۇنداقلا نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدىغان دىن. جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ. "**ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر. شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئاللاھ نامىدىن، يالغاندىن(ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ ۋە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ)، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ**" {سۈرە «بەقەرە» (2- سۈرە)، 168-، 169-ئايەت}. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دېگەن. "**ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) 'بۇ ھارام، بۇ ھالال' دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداقتا) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. (ئۇلار دۇنيادىن پەقەت) ئازغىنا بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**" {سۈرە «نەھل» (16- سۈرە)، 116-، 117-ئايەت}. بۇ ئايەتلەردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، دۇنيادا ئىنسان ئازغىنە پايدا مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆز خاھىشى بويىچە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، "ئۇ ھالال، بۇ ھارام" دەپ باشقىلارنى ئالدىماسلىقى، قايمۇقتۇرماسلىقى لازىم. ئۇنداق قىلغان كىشى گەرچە دۇنيادا ئازغىنە ۋاقىتلىق پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن بەلكى چوڭ زىيان تارتىدۇ.

بىز ھازىر بىر ئالىي پەن-تېخنىكا دەۋرىدە يەنى سان-سىپىرلىق مۇساپىلىق باشقۇرۇش، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، سۈنئىي ھەمراھ، ئالەم كېمىسى قاتارلىق ئالىي پەن-تېخنىكا ئىجاد قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتماقتىمىز. بۇ خىل ئالىي پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئىنسانلار ئۇزۇن مۇساپىلەرنى قىسقارتماقتا، ئۆيلىرىمىزدە ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولۇۋاتىمىز. ئۆزىمىزدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتا تۇرۇۋاتقان دوست-

بۇرادەرلىرىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز بىلەن سۆزلىشىۋاتىمىز. ھەتتا بۇ يىگى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق تىرىشچان كىشىلەر ئالەم بوشلۇقىغا يۈرۈش قىلىپ، ئاي شارىغا ۋە باشقا پىلانېتلارغا چىقىپ ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماقتا. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەرەققىياتلار كۈنسايىن بارلىققا كېلىۋاتقان دەۋردە ياشاۋېتىپ يەنىلا بىدئەت خۇراپاتلىققا ئىشىنىپ نادانلىققا قايتىش بىز ھازىرقى دەۋر ئىنسانلىرى ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك ۋە بەكمۇ جاھىللىق ئىشتۇر.

ھالبۇكى، ھازىرقى دەۋردە، بىر قىسىم رايونلىرىمىزدا بىدئەتچىلىك، خۇراپىي پائالىيەتلەر قايتىدىن ئەۋج ئالماقتا. بىر قىسىم نادان كىشىلىرىمىز بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقنىڭ بىھوش قىلىدىغان زەھەرلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ، قىيىنچىلىق ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان چاغلاردا سېھىرگەر، رەمماللارغا پال سالدۇرۇش، ئېغىر كېسەللەرگە مۇپتىلا بولسا، باخشى، پېرىخون، سېھىرگەر كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىن ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ كېسەلدىن ساقايتىشنى تىلەش، يول بويلىرىدىكى ئەخلەت-چاۋاكلارنى تېرىپ كېلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ كېسەل كىشىنى ئىسرىقلاش ئارقىلىق كېسەلنىڭ ساقىيىشىنى تىلەش قاتارلىق بىر قاتار خۇراپاتلىققا چۆكۈپ كېتىۋاتماقتا. ھەر خىل، ھەر ياڭزا پەرداز بىلەن بېزەلگەن خۇراپىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساننى ئازدۇرىدىغان ۋە قايمۇقتۇرىدىغان بىھوش قىلغۇچى زەھەردۇر، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، تىنچلىقنى بۇزىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئاپەتتۇر.

بۇ خۇراپىي، بىدئەت قىلمىشلار نورمال ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماي يەنە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە روھىي دۇنياسىدا قالاق، چىرىك تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئىنسانلارنى نادانلىققا ئېلىپ كىرىدۇ. خۇراپاتلىق كىشىلەرنى بۇ دۇنيادا ھەر جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماي، ئاخىرەتتىمۇ چوڭ ئازابقا قالدۇرىدىغان زەھەرلىك ئەپيۇندۇر. شۇڭا، ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇنلا خۇراپاتلىقنىڭ تارقىلىشىغا، بىدئەتلىك تەلىماتى ۋە مەبۇدلارغا چوقۇنۇش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرغان ۋە بۇلارنى قاتتىق مەنئىي قىلغان ئىدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. ”**ئى مۆمىنلەر ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار**“ {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 90- ئايەت}. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ. ”**كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلسا ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ**“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ”**ئىشلارنىڭ يامىنى دىندا ئەسلى يوق بولۇپ كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر**“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بۈگۈنكىدەك ئەقىل-ئىدراك تەرەققىي تاپقان، ئىلىم-پەن روناق تاپقان ئالىي پەن-تېخنىكا دەۋرىدە يەنە نېمە ئۈچۈن خۇراپاتلىق، بىدئەت تەلىماتلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، توغرا بولغان ئېتىقاد كەم بولۇش، مۇستەھكەم بولغان توغرا ئىرادە كەم بولۇش، ئىلىم-پەن بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولماسلىقتەك ئىللەتلەر دەل نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. چۈنكى، ئىلىم-پەن ئىنساننى ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە قىلىدۇ، خۇراپاتلىق ۋە بىدئەتلىك بولسا، ئىنسانغا نادانلىق ۋە گۇمراھلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ئازغان مەنزىلدىن چوقۇم يېنىشىمىز، خۇراپاتلىق ۋە بىدئەتلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى پەزىلىتىنى جارى

قىلدۇرۇپ، ئېتىقادىمىزنى رۇسلاپ، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىمىز لازىم.

ئىسلام دىنىمىزدا، پۈتۈن ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئاللاھ ياراتقان، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكىتى ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. مۇسۇلمانلار ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ، ئېتىقادىنى قاتتىق ساقلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئالغا ئىلگىرلىتىدىغان ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ مىننەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق ئېرىشكەن ماددىي تۇرمۇشىدىن تولۇق بەھرىلىنىش جەريانىدا، ئاللاھنىڭ بۈيۈك رەھمىتىنى تولۇق تونۇپ ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى، ئاللاھ توسقان يامان ئىشلاردىن يېنىشى كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي تەقۋادارلىق بولۇپ، مۇشۇنداق قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» دە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان بەندىسىنى مەدھىيلەپ مۇنداق دېگەن: **"ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3- سۈرە)، 17- ئايەت}. يەنە ئاللاھ تائالا تەقۋادار بەندىلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە بېرىلىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: **" ئەر- ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز"** {سۈرە «نەھل» (16- سۈرە)، 97- ئايەت}. **"تەقۋادارلار ھەقىقەتەن (ئاخىرەتتە ياپيېشىل) باغ- بوستانلاردىن، (سۇ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. (ئۇلارغا)جەننەتكە ئامان- ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر- بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ"** {سۈرە «ھىجر» (15- سۈرە) 45— 48- ئايەتلەر}. **"ئاللاھ ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ"** (سۈرە «ھەج» 22- سۈرە 23- ئايەت).

ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزلىرىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۆمىن مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ھالال ئەمگەك ۋە ھالال كەسىپ بىلەن بېيىغان مەرت، سېخىي، ئىمانى كۈچلۈك مۇسۇلمان ساخاۋەتچىلىرىمىز، مەسىلەن: غۇلجىدىن مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سەرپ قىلىپ يېتىم-يېسىرلار مەكتىپى قۇرغان نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر، شۇنداقلا ئابلىمىت خالىس ھاجىم، مەتىمىن ھاجىم، تەۋەككۈل ھاجىم، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن گۈلشەن مۇھەممەت قارى ھاجىم، توقسۇ ناھىيىسىدىن ئابلىز روزى ھاجىم، جالال ھاجىمغا ئوخشاش ساخاۋەتچى مەرىپەتپەرۋەر مۇسۇلمانلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھالال ئەمگىكى ۋە ھالال كەسپى بىلەن بېيىغاندا

خەيرى-ساخاۋەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەشكە كۆپلەپ ئىقتىساد سەرپ قىلىپ، يېتىم-يېسىرلار مەكتىپى، باللار باغچىسى قۇرۇپ ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان يېتىم-يېسىرلارغا ئۆز ئاتا-ئانىسىمۇ يەتكۈزۈپ بولالمايدىغان مېھىر-شەپقەتلەرنى يەتكۈزۈپ ياخشى يولباشچىلاردىن بولماقتا. بۇلارنىڭ بۇنداق يۈكسەك ئالىي جاناب پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز ۋە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: "**ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل- مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر. (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)**" (سۈرە «بەقەرە» 2- سۈرە 261- ئايەت). ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان ماللىرىغا ۋە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە ھەسسىلەپ ساۋاب ئاتا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدۇر.

ئاخىرىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېتەكچىلىكىدە، «ھەدىس شەرىف» تەلىماتلىرى ئاساسىدا بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر-بىرىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، تەقۋادار، ساخاۋەتچىلەر قاتارىغا قېتىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى، يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش ساخاۋەتچىلەرنىڭ يۇرتلىرىمىزدا تېخىمۇ كۆپلەپ چىقىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىشلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ كۆپ بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، ئېتىقادىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشىنى تىلەيمىز. (ئامىن)

(ئاپتور: توقسۇ ناھىيە توقسۇ بازار شايار يولى مەسچىت خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(باش قىسمى 41- بەتتە)

— ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى بىلىم ئېلىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ**" (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن. دېمەك، بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەنگەن باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇيدۇ، ئۇلارنى ۋە ئۆزلىرىنى مەمنۇن قىلىدۇ.

جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەش دېگىنىمىز: باللارنى كىچىكىدىن يېمەك-ئىچمەكتىكى تەن ساغلاملىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرىغا ۋە پايدىلىق بولغان ھەر خىل بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئۆگىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ساغلام، كۈچلۈك، خەلق ئىشىغا يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. باللار بالاغەت يېشىغا يېتىشى بىلەن بۇ بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشقا قىزىقىدۇ. بۇ دەۋر ئاتا ئانىلار ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك خەتەرلىك بىر دەۋردۇر. باللارنى بۇ دەۋردە پايدىلىق، ئىلمىي جىسمانىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل قىلمىغاندا، ئۇلار ئىنسانلار جەمئىيىتىگە زىيانلىق تۈرلۈك يامان ئادەتلەرگە ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ئوڭشاش ئوڭاي ئەمەس.

شۇڭا ئاتا-ئانىلار يۇقىرىدىكىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، باللىرىنى ئەخلاقسىز، يامان دوستلىرىدىن يىراق قىلىشى، شۇنداقلا باللىرىنىڭ ساغلاملىقىغا ئەڭ زىيانلىق بولغان ھەر خىل يامانلىقلاردىن ئۇلارنى قەتئىي مەنئىي قىلىشى كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى

مۇھەممەت ئابدۇرېھىم

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا نازىل قىلغان ئىلاھى كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كامالەتكە يېتىپ قىرىق ياشقا كىرگەندە نازىل بولۇشقا باشلاپ، 23 يىلدا تامام بولغان. «قۇرئان كەرىم» دە 114 سۈرە، 6236 ئايەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرە - ئايەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەزمۇنى مول ھەم ئېنىق، تىلى گۈزەل ھەم راۋان، سۆز ئىبارىلىرى پاساھەتلىك، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جانلىق ۋە تەڭداشسىزدۇر. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ روھى ھاياتىنى، شۇنداقلا غايە، تىلەك ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېستېتىك زوقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يۈكسەك قىممەتكە ئىگە ئىلاھى كىتاب بولۇپ، ئۇ مەزمۇن ۋە مەنە جەھەتتىكى چەكسىز سېھرىي كۈچى ۋە ئۇسلۇبتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» بىر خىل گۈزەل تۈرنى يەنى شېئىرمۇ ئەمەس، ئادەتتىكى نەسىرمۇ ئەمەس، ئەركىن، تەبىئىي، نەپىس، رىتىملىق ۋە جاراڭلىق، خۇش ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا تازا باب كېلىدىغان بىر خىل تۈرنى ياراتقان. بىراق «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇسلۇبى مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئەڭ يۈكسەك ھەق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ۋاقىتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كىشىلەرگە ئاجايىپ سۈرلۈك تۇس بېرىدۇ؛ بەندىلىرىنىڭ ئاللاھنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ۋە ئىسلام دىنىغا بېھۆرمەتلىك قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاگاھلاندۇرغان ۋاقىتتىكى دەھشەتلىك سۈرى ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ؛ ئىنسانلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقىرغان چاغدىكى قىزغىن سەممىيىتى ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ؛ «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك بايانلىرى ئاجايىپ بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ شۇنچە ھاياتى كۈچكە ئىگە بولالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇنىڭ ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى كىتابى ئىكەنلىكىدە.

«قۇرئان كەرىم» ئەرەب مىللىتىدىن بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ چۈشىنىشلىك، ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە نۇرغۇن ئايەتلەر بار. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. "**قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىدۇر، ئۇمىدكى ئۇلار (قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۇفرىدىن) ساقلانغاي**"

{سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 28-ئايەت}.

"روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق" {سۈرە «مۆئمىنۇن» (43- سۈرە)، 2 — 3- ئايەتلەر}.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنىشى ئەرەب تىلى ئۈچۈن ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى. «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەرەب تىلى قەبىلە شۋىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئورتاق ئەدەبىي تىل شەكىللەنمىگەن ئىدى. ئۇنىڭدا ئەمەلىي ئالاقە قىلىشتا چۈشىنىش قىيىن بولغان نۇرغۇن سۆزلەر مەۋجۇت ئىدى، مەنا ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ھەرپ - بەلگىلەر تېخى تولۇقلىنىپ كەتمىگەن ۋە ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىمۇ سىستېمىلاشمىغان ئىدى. تىل جەھەتتىن ئالاھىدە پۇختا بولمىغان كىشىلەر خەت يېزىش ۋە ئوقۇش دېگەندىن سۆز ئاچالمايتتى. دېمەك ئەرەبلەر بۇ دەۋردە ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولمىغان نامسىز مىللەت ئىدى. ھالبۇكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل قىلىنىشى ئەرەبلەرنىڭ تەقدىرىنىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ۋە تىل-ئەدەبىياتىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەرەب تىلى يېپ- يېڭى تۇسكە كىرىپ، بىرلىككە كەلگەن ئەرەب ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەت ئۇرۇقى چېچىلغان ھەر بىر زېمىنغىچە ئەرەب ئۆلچەملىك تىلى ۋە ئەدەبىياتى چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

ئەرەب ئۆلچەملىك تىلى ئەرەب تىلىدا «ئەللۇغەتۇل ئەرەبىيەتۇل فۇسھا» دەپ ئاتىلىپ، ھازىرقى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى گېزىت، ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزورلاردا ھەمدە مەكتەپلەردە ئورتاق قوللىنىۋاتقان ئەرەب ئەدەبىي تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرەب ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ تىلنىڭ تىل سىستېمىسى ۋە ئۆلچەملىشىش ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش بەكمۇ زۆرۈر.

ئەرەب تىلى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمي سېمىت- ھامىت (ھام - سام) تىل سىستېمىسىنىڭ سېمىت تىل گۇرۇپپىسىدىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ جانلىق، ئەڭ باي، تولۇپ-تاشقان ھاياتى كۈچكە ئىگە، قوللىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان بىر تىل تارمىقىدۇر.

ئىسلام دىنى روناق تېپىشتىن ئىلگىرى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئاھالىلەر نۇرغۇن قەبىلىلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ شۋىسىنى ئىشلەتكەن. بۇ شۋىلەر جەنۇب لەھجىسى ۋە شىمال لەھجىسى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. «قۇرئان كەرىم» تىلى ئەسلىدە مىلادى 5- ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەرەبلەر قوللانغان شىمالدىكى قۇرەيشلەرنىڭ تىلى ئىدى. بىراق قۇرەيش تىلى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى جەنۇب-شىمالدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەردە تېخى ئومۇملاشمىغان بولۇپ، ئۇنى كۆپىنچە ھاللاردا شائىرلار قوللىناتتى. مىلادى 5-، 6- ئەسىرلەردە پەيدا بولغان «سەبئە مۇئەللەقات» (يەتتە پارچە ئاسما شېئىر) قۇرەيش شۋىسىدە يېزىلغان. مەككە قۇرەيشلىرىدىن سىرت جەنۇب-شىمالدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىشلەتكەن تىل بىلەن قۇرەيش تىلى چوڭ پەرققە ئىگە بولۇپ، مەككىگە يېقىنلاشقانلىرىنىڭ پەرقى ئاز، مەككىگە يىراقلىرىنىڭ پەرقى چوڭ ئىدى. ئىسلام دىنى روناق تاپقاندىن كېيىن، جەنۇب-شىمالدىكى قەبىلىلەر كەينى-كەينىدىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ھەم «قۇرئان كەرىم» تىلىنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ قىرائەت سادالىرى ھەممە جايدا جاراڭلاپ بىپايان قۇملۇققا تارالغان. شۇنداقلا ھەر قايسى جايلاردىكى غەيرى ئەرەبلەرمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بەس-بەستە ئەرەب

www.uyghurkitap.com

تىلىنى ئۆگەنگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» شۇ قەبىلىنىڭ تىلىدا نازىل بولغاچقا قۇرەيش تىلى جەنۇب-شىمالدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەردە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. نەتىجىدە جەنۇب-شىمالنىڭ فونېتىكا، گىراماتىكا ۋە لېكسىكىسى تەدرىجىي بىرلىككە كېلىپ، قۇرەيش قەبىلىسى شېۋىسىنى ئاساس قىلغان، ئەدەبىي ئۆلچەملىك تىل شەكىللەنگەن.

ئابباسىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، ئەرەب تىلى تەرەققىي قىلىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلغا ئايلانغان. ئەرەب ئۆلچەملىك تىلى غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا يەرلىك ئەنئەنىۋى تىللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ رەسمىي تىلى سۈپىتىدە ئومۇملاشقان ھەمدە ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيالاردىمۇ كەڭ تارقالغان. بارلىق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى ئىسلام دۇنياسىدا كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە دۇنياۋى مۇھىم تىلغا ئايلانغان. ئۇ ئەرەب-ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىن، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بۈگۈنگە كەلگەندە، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى 20 نەچچە ئەرەب دۆلىتى ۋە رايونلىرى ھەممىگە ئورتاق بولغان بىر ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان بولدى.

بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ "ئوسمانىيە" نۇسخىسىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەرەب تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئەڭ ئاساسلىق ئامىل دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى چاغدا ھەرقايسى قەبىلە خەلقلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» يەتتە خىل شېۋىدە نازىل قىلىنغان. بۇ ھەقتە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "شەك شۈبھىسىزكى «قۇرئان كەرىم» يەتتە خىل تىلدا (شېۋىدە) نازىل قىلىنغان...". كېيىن ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا «قۇرئان كەرىم »نى قىرائەت قىلىش توغرىسىدا بەزى ئىختىلاپلار كۆرۈلگەن. شۇڭا خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەلا بىلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى پەقەت تىل جەھەتتىن قۇرەيش شېۋىسىنى ئاساس قىلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇسخا "ئوسمانىيە" نۇسخىسى دەپ ئاتالغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ "ئوسمانىيە" نۇسخىسى ئەرەبلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلە خەلقلىرىگە تېز ئومۇملىشىپ ھەمدە ئۇلارنىڭ شېۋىلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا، شۇنداقلا ئەرەب مىللىتى ئىچىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل بولالىشىغا قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

ئەرەبلەر ئۆز تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، چەت ئەل تىلىدىن بولۇپمۇ پارس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلغاندا، ئەسلى سۆزنىڭ ئەسلى ھالىتىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئالماي، تامامەن "ئەرەبلىشىش" كە مايىللاشتۇرۇپ قوبۇل قىلغان. يەنى فونېتىكا، سۆز شەكلى، لېكسىكا، گىراماتىكا قاتارلىق تەرەپلەرنى يۇغۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىپ، ئەرەب تىلىنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتىگە چۈشۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلغان. بۇ ئەرەب تىلى تەرەققىياتىنىڭ شۇنداقلا ئەرەب تىلىنىڭ مول، رەڭگارەڭ تىل بولۇپ چىقالىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلى ئەرەب تىلىدا زىر - زەۋەر يوق ئىدى، بۇ سەۋەب غەيرى ئەرەبلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇشى ۋە ئۆگىنىشىگە زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەن. مىلادى 8- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى

يېرىمىدا ئەرەب تىلىغا زىر-زەۋەر قويۇلغان، بۇنىڭ بىلەن ئەرەب تىلىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇشىغا ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىلگەن. بۇ خىل ئىجادىيەتمۇ ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىنىڭ كەڭ تارقىلىپ مۇكەممەللىشىشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەرەب تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، «قۇرئان كەرىم»نى خاتاسىز ھالدا توغرا ئوقۇش، ئەرەبتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى توغرا چۈشىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان تىلشۇناسلار ۋە گىراماتىكلار ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا بولغان تەھلىل ۋە تەتقىقاتلارنى كۈچەيتكەن. ئۇلار ئەرەب كۆچمە چارۋىچىلىرىنىڭ ئاغزاكى تىلىغا، كلاسسىك شېئىرلارغا، ھەمدە قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن ئەرەب تىلىغا قارىتا خاتىرىلەش، رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، يىغىنچاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەردە «قۇرئان كەرىم» نى چۆرىدىگەن ھالدا تىل-يېزىقشۇناسلىق، ئىملاشۇناسلىق، ئىستىلىستىكا، گىراماتىكا قاتارلىق تىل ئىلىملىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شۇ ئاساستا ئەرەب ئەدەبىي تىلىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئۆلچەملىشىشى تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ ھال ئەرەب ئەدەبىي تىل گىراماتىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. بۇنىڭ بىلەن بىر يۈرۈش مۇكەممەل لېكسىكا ۋە گىراماتىكا قائىدىلىرى قەدەممۇ-قەدەم ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تۈزۈلۈپ چىققان. كۇفە بىلەن بەسرەدىن ئىبارەت ئىككى ئېقىمدىكى ئالىملار ئارىسىدىكى مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەر گىراماتىكا سىستېمىسىنى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتۈرگەن.

قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» تەڭداشسىز ئىلاھىي كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەرەب ئۆلچەملىك تىلىنىڭ ئەڭ كاتتا ئۈلگىسى بولالىغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ "ئوسمانىيە" نۇسخىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئەسلى ئەرەبلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان تىللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھەم قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تارلىقتىن كېڭىيىپ ھەم مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنگە كەلگەندە 20 نەچچە ئەرەب دۆلىتىنىڭ ئورتاق تىلى ۋە بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ دىنىي پائالىيەت تىلى بولالىغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئوستازى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## پەيزاۋات ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 3- قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى

پەيزاۋات ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 3- قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2003- يىلى 5- ئاينىڭ 24-كۈنى چاقىرىلدى. يىغىندا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ئىسرائىل ھاجىم ئالدىنقى 5 يىللىق خىزمەت دوكلاتى بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى، يىغىن قارارى ۋە يىغىننىڭ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا چىقارغان تەشەببۇسنامىسى ماقۇللاندى، سايلام ئارقىلىق يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 51 ھەيئەت، 21 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 5 رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

(ياقۇپ ھاجى)


www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ھاراممۇ؟

ياقۇپ ھەمدۇللا، سادىق ياقۇپ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)



ئىسلام دىنى دۇنياۋى چوڭ دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تاراپ، تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، خەلق ياقتۇرۇپ ھىمايە قىلىدىغان، تەرەققىياتقا ماسلىشالايدىغان ئىلغار دىن. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ مەنبەسى، ئەڭ مۇقەددەس ئىلاھىي دەستۇرى. قۇرئان دۇنيادىكى پۈتكۈل بىلىملەر مۇجەسسەملەنگەن چەكسىز مەنىلەر ئوكيانۇسى بولۇپ، نازىل بولغان 1400 يىلدىن بۇيان بىر ھەرپ، ھەتتا بىر چېكىتمۇ ئۆزگەرمەستىن ئەينەن ساقلىنىۋاتقان ئىلاھىي كىتاب، دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى تەۋەررۈك بىلىپ كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ ئەتىۋارلايدۇ، سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.

"قۇرئان" دېگەن بۇ مۇبارەك ئىسىم كىتابۇللادا 70 نەچچە ئورۇندا لەۋزى قىلىنىدۇ. قۇرئاننى پۈتكۈل مەنىلىرى بىلەن ساقلاشنى ئاللاھ ئۆزى ھۆددە قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى دەۋر، ھەر ماكانغا ماس كېلىدىغان تەڭداشسىز، مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر. ئاللاھ «ئال ئىمران» سۈرىسى(3-سۈرە)نىڭ 138-ئايىتىدە: " **بۇ (قۇرئان) (ئومۇمىي) ئىنسانلارغا باياندۇر(يەنى ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ)، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر**" دېيىش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ بىر دۆلەت، بىر قەۋم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ئومۇمىي بايان، ئەڭ تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەت ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ يوليورۇقى بويىچە ماڭغانلارنىڭ تەقۋادار بولالايدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلغان. «شۇئەرا» سۈرىسى(25-سۈرە)نىڭ 192—195-ئايىتىدە: "**شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى، (قۇرئان)ئوچۇق ئەرەبى تىلدا (نازىل بولدى)**" دەپ قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن جىبرىئىل ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەرەبلەردىن تاللىغان ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەرەب تىلىدا نازىل بولغانلىقىنى كونكرېت بايان قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "**شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە كېچىنىڭ بىر قىسمىغا ئوخشاش، زۇلمات(قاراڭغۇلۇق) يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ يول تېپىشنىڭ ئاللاھنىڭ مۇبارەك كىتابى «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى، كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا يوليورۇق بايان قىلىنغان. قۇرئان ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ھۆكۈمدۇر. كىم ئۇنى قەستەن تاشلاپ قويسا**

ئاللاھ ئۇنى ۋەيران قىلىدۇ. كىم ئۇنىڭدىن غەيرىيدىن ھىدايەت تىلىسە ئاللاھ ئۇنى ئازدۇرىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ كۈچلۈك ئارغامچىسىدۇر. ئاللاھنىڭ روشەن نۇرىدۇر، دانا نەسىھەتچىدۇر، توغرا يولدۇر. ئۇنى ھەۋەس ئاغدۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدىن تەپەككۇر ئايرىلالمايدۇ. ئالىملار ئۇنىڭغا تويمايدۇ. تەقۋادارلار ئۇنىڭدىن زېرىكمەيدۇ. كىم ئۇنىڭدىن تەلىم ئالسا ئالغا باسىدۇ، كىم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا ساۋاب-ئەجىر بېرىلىدۇ. كىم ئۇنىڭ بىلەن پەتىۋا بەرسە توغرا قىلغان بولىدۇ. كىم ئۇنىڭغا ئەگەشسە توغرا يول تاپقان بولىدۇ. كىم ئاۋۋالقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولسا قۇرئانغا يۈزلەنسۇن". يۇقىرىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىدا قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ نۇرى، بىزگە يول كۆرسەتكۈچى ماياك، تارىختىن جاھاننەما ئەينەك، ھەق-باتىلنى ئايرىيدىغان قانۇن، دىلىمىزغا ھىدايەت، جىسمىمىزغا كۈچ-قۇۋۋەت، نادانلارغا نەسىھەت، ئالىملارغا دەستۇر ئىكەنلىكى، قۇرئاننىڭ رولى، ئەھمىيىتى روشەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، قۇرئاننىڭ تەگداشسىز ئىلاھىي مۆجىزە ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان.

قۇرئان دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ تارالغان. قۇرئاننىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۈرەك ئارزۇسى، قەلب تەشناسى ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى، تالانتلىق تەرجىمان، قۇرئانشۇناسلىق ئەللامىسى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ئۇيغۇرلارنىڭ قەلب تەشناسىنى كۆڭۈل ئەينىكىدە كۆرۈپ، نۇرغۇن ئەقلىي رىيازەت، كۆپ مۇشكۈل-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، قايتماس ئىجتىھات، ئاجايىپ تالانتى بىلەن چەكسىز مەنىلەرنى يوشۇرغان ئىلىم دېڭىزىغا چوڭقۇر شۇڭغۇپ، پىنھان جىرالاردىن ئورۇن ئالغان سەدەپلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان نۇرانە مەرۋايىتلارنى سۈزۈپ چىقىپ ئوكيانۇس «قۇرئان كەرىم»نى ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ سوۋغا قىلدى. ئۇ يەنە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى»، «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، «قۇرئان كەرىم، ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، «قۇرئان كەرىم 29-، 30 پارىلىرىنىڭ تەفسىرى»، «ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت » قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلدى. ئالىمنىڭ ئەلنىڭ دىلىنى ھەم يولىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق مەشئەللىرى، تەشنا دىللارغا ئابىھايات، ئاجىزلارغا روھىي ئوزۇق، غەپلەتكە مەھكۇملارغا نىجاتلىق بېرىدىغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئالىمغا ئاپىرىن! سىلىگە سەممىي دۇئايى سالام، ئەڭ ئالىي ئېھتىرام يوللايمىز. ئاللاھ سىلىگە بۇ دۇنيادا چەكسىز بەخت، ئاخىرەتتە چەكسىز سائادەت، ئالىي دەرىجە ئىنئام قىلغاي، ئامىن!

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! مەن ئالدىنقى يىلى مەلۇم ناھىيىنىڭ مەلۇم مەھەللە مەسچىتىدە بىر مويسىپىت ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ: "قۇرئاننى ئاللاھ تائالا ئەرەبچە نازىل قىلغان. شۇڭا قۇرئاننى ئەرەبچە ئوقۇغان ياخشى. قۇرئاننى تەرجىمە قىلىش ھارام، تەرجىمە قۇرئاننى ئوقۇشمۇ ھارام" دېگەنلىكىنى، يەنە بىر ھاجىمنىڭ: "مۇھەممەد سالىھ تازىمۇ بىر ئادەمكەن. ئۇ قۇرئاننى تەرجىمە قىلىۋىدى، ھازىر ياشلار قۇرئاننى چۈشىنىۋېلىپ دىنىمىزنى بۇرمىلىغىلى تۇردى" دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەندىكىپ كەتتىم. بىر ئايدەك يۈرۈپ 8-10 مەسچىتتە بولدۇم. ئۇ مەسچىتلەردە ئەرەبچە قۇرئان، ئەرەبى كىتابتىن باشقا تەرجىمە قۇرئان-كىتابلارنى، گېزىت-ژۇرناللارنى كۆرمىدىم. ئىگىلەپ كۆرسەم، ھەر بىر مەسچىتتە ئاخۇندىن باشقا قۇرئان ياكى ئەرەبىي كىتابلارنى شەرھلەپ بەرگۈدەك ياكى ئۆزى ئوقۇپ چۈشەنگۈدەك ئادەم يوقكەن. لېكىن قۇرئان ئوقۇيدىغان قارىيلار شۇنچە كۆپ ئىكەن. ئۇلار قۇرئاننى مەسچىتتە، ئائىلىدە، قەبرىستاندا، پەتىگە، نەزىرگە بارغاندا قىرائەت قىلىپ ئوقۇشنى بىلىدىكەن، لېكىن ئوقۇغىنىنى ئۆزى چۈشەنمەيدىكەن. ئىماملار قۇرئاننى ئەرەبچە ئوقۇپ، دۇئا، تەسبىھ، دۇرۇت، خۇتبىلەرنى ئەرەبچە ئوقۇپ بېرىپ يېشىپ شەرھلىمىسە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جامائەت ئەرەبچىنى چۈشەنمىسىمۇ ئۆلۈك يادلاپ ئەگەشسە، تەرجىمە قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىۋالمىسا، كېيىن بىر ئۆمۈر قۇرئان ئوقۇپ نادان قالمامدۇ؟! ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "چۈشەنچىسىز ئىبادەتتە، تەپەككۇرسىز قىرائەتتە ياخشىلىق يوق" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە: **"ئۈممەتلىرىمنىڭ ئۆزى ئوقۇغان ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي نامازئوقۇغىنىدىن ھەيرانمەن"**، **"شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە كېيىنكى بىر قىسمىغا ئوخشاش زۇلمات (ئازغۇنلۇق) يۈز بېرىدۇ"** دېگەنىدى.

ئىمام-ئاخۇنلار جامائەتنىڭ يېتەكچى ئۇستازى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىز باسارلىرى. ئاللاھ تائالا مۇنداق ۋەھيى قىلغان: **"بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق"** {سۈرە«نەھل»(16-سۈرە)، 44-ئايەت}. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزنى ئېنىق بېكىتتى. دېمەك ئاخۇنلارنىڭ شەرىئەتتىن تەلىم-تەربىيە بېرىشى ئاللاھنىڭ ھەققى؛ قۇرئاننى ئوقۇپ پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ ئەمەل قىلىش ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ھەققى.

جامائەتلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرەبچە قۇرئاننى ئوقۇيالمايدۇ، ئوقۇيالىغىنىنى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى تەرجىمە قۇرئاننى كۆپرەك ئوقۇپ چۈشىنىپ، ئەمەل قىلىشقا دەۋەت قىلىش كېرەككى، ھەرگىز چەكلىمەسلىك كېرەك.

توغرا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدى. بۇ توغرىدا «رەئد» سۈرىسى (13-سۈرە) نىڭ 37- ئايىتىدە: **"يەنى ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغىنىمىزدەك، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا (كىشىلەر ئارىسىدا چىقىرىشقا) ھۆكۈم قىلىپ نازىل قىلدۇق"** دېگەن ئايەت كەرىم بار. ئاللاھ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قوۋمىدىن تاللىغان، كىتاب بېرىلگەن مۇرسەل پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغان؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب، شۇڭا قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئەرەبچە نازىل قىلىنغان. **"ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق"** {سۈرە «دۇخان» (44-سۈرە)، 58-ئايەت}.

دىن دېگىنىمىز ۋەز-نەسىھەتتىن ئىبارەت. دىن تارقىتىش، ۋەز-تەبلىغ قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە تىل ۋاستىسىغا تايىنىلىدۇ. ئاللاھ ئۆز ۋەھيىسىنى ئەينى چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئاز-ئازدىن بۆلۈپ 23 يىلدا نازىل قىلغان. پەيغەمبىرىمىزمۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى سەممىي-سادىقلىق بىلەن سۆزمۇسۆز يەتكۈزگەن، ۋەز-نەسىھەت قىلغان. ئەگەر ئەرەبكە ئەجەم (پارىس) تىلىدا قۇرئان چۈشۈرسە ئۇنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولار ئىدى؟ ئەرەبلەر قانداق چۈشىنىپ قوبۇل قىلار ئىدى؟ ئاللاھ تائالانىڭ ھەر بىر قەۋمگە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلىشى شۇ قوۋمدىكىلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى، چۈشىنىشى ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە. ئاللاھ قۇرئاننىڭ «زۇمەر»سۈرىسى (39-سۈرە)، 28-ئايىتىدە: **"قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىيدۇر. ئۈمىدكى، ئۇلار (قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۇفرىدىن) ساقلانغاي"** دېگەن. ئاللاھنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى — مەنىسىنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلىش. ئەمەل قىلىش جەريانىدا كۇفرىدىن ساقلىنىش. ئەگەر سىز قۇرئاننىڭ مەنىسىنى قىلچە چۈشەنمىسىڭىز نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ كۇفرى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسىز؟ نېمىگە ئېتىقاد قىلىسىز؟ نېمىگە ئەمەل قىلىسىز؟

ئەڭ شەپقەتلىك، ئەڭ رەھىمدىل ئاللاھ تائالا ئۆز كالامىدا: **"مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى(ئۇنى ھىپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)، ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى"** {سۈرە«رەھمان»(55-سۈرە)، 1—4-ئايەت} دېگەن. قۇرئاننى ھىپزى قىلىش، چۈشىنىشكە

ئاسانلاشتۇرغان، ئۆز مەقسىتىمىزنى ئۇقتۇرۇشقا ئۆز تىلىمىزنى يارىتىپ بەرگەن شەپقەتلىك ئاللاھقا جىمى ھەمدۇ سانالار ئازلىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا: "**قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر**" {سۈرە«يۇسۇف»(12-سۈرە)، 104-ئايەت} دەپ جاكارلىغان، پەقەت ئەرەبلەرگىلا خاس دېمىگەن؛ جىنس ، ئىرق، مىللەت، دۆلەت ئايرىمىغان. بۇ ئاللاھنىڭ ئىنايىتى، رەھمىتى، ھىدايىتى. شۇنداق ھوقۇقنى ئاللاھ بىزگە بەرگەن ئىكەن، ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆز تىلىمىزدا ئوقۇپ، توغرا چۈشىنىپ ئاللاھنىڭ نۇرىدىن ھىدايەت تاپساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

«قۇرئان كەرىم» دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەر يەرلەرگە خۇددى ئېسىل ئېپاردەك تېز تارىماقتا. ھەر قايسى مىللەتلەر تەرجىمە قىلىنغان قۇرئاننى تەكرار ئوقۇپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ، قۇرئاننى مەنبە قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان، ئېھسان، ئەقىدە-ئېتىقاد، ئەخلاق-پەزىلەت، شەرىئەت ئەركانلىرىنى، ئىبادەت رەسمىيەتلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ھىدايىتى، رەھمەت-ئىنايىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەر مۇسۇلمان بولماقتا، ئىسلام دىنى يەر شارىنى باھار چېچەكلىرىدەك قاپلاپ كېڭەيمەكتە. ھازىر ئامېرىكا، ياۋروپادا ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن بەيئەت قىلىدىغانلار كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. بۇددا دىنى كەڭ تارالغان ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغانلار سانى كۆپەيمەكتە. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىن سەككىز ئالىم «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلىشنى نىيەت قىلىپ، قايتا-قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن قۇرئاننى تولۇق چۈشىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى دىنىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. گېرمانىيىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر شائىرى گىيوتى قۇرئاننى تەكرار ئوقۇپ، مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىن: " قۇرئان ئوقۇغانچە ئوقۇغۇسى كېلىدىغان، ھەر قېتىم ئوقۇغاندا يېڭىدىن يېڭى مەنە پەيدا بولىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەن" دېگەن. گىيوتى ئەلۋەتتە نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئاننى تەكرار ئوقۇپ، ئوقۇغانچە مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئوقۇغانچە يېڭى-يېڭى مەنىلەرنى چۈشىنىپ چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك دېگەن. چەت ئەللەردىكى غەيرىي دىندىكى كىشىلەر ئۆز تىلىدىكى تەرجىمە قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىپ مەنپەئەتدار بولۇۋاتقان تۇرسا، بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى تۇرۇپ، ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئاننى ئوقۇشنى ھارام دېسەك قانداق بولار؟! ئاللاھ تائالا: "**سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئى دەلىلسىز ھالال، ھارام دەپ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ**" {سۈرە«ئەنئام» (6-سۈرە)، 119-ئايەت} دېگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**ئادەملەرنىڭ يامىنى ئۆلىمالارنىڭ يامىنىدۇر**" دېگەنىدى. ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا تەكرار ئوقۇپ يادلاش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى قۇرئاننى تەكرارلاپ ئوقۇش، پىكىر قىلىپ چۈشىنىۋېلىش، رېئاللىققا تەدبىقلاپ مەسىلىنى ھەل قىلىش، ئاكتىپلىق بىلەن ئەمەل قىلىشقا چۈشۈرگەن. قۇرئاننى ئالدىرىماي ئوچۇق، چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش، چۈشىنىپ ئوقۇش سۈننەت. شۇڭا قۇرئاننى ئوقۇغاندا ھەر بىر ئايەتنىڭ مەنىسىنى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى، نازىل بولۇش سەۋەبىنى، قايسى ئوبيېكتقا قارىتىلغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ ئوقۇغان ھەم ئاڭلىغان ياخشى. مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق) ئايەتلەرنى چۈشىنىۋېلىش، مۇتەشابىھ(مەنىسى مەۋھۇم) ئايەتلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك. قۇرئاننى چۈشىنىپ ئوقۇساق قۇرئاندا ناھايىتى نۇرغۇن بىلىملەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. قۇرئاندا تەقۋادار، سالىھ مۇسۇلمانلارغا خۇشخەۋەر، پاسىقلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. شۇنداقلا ئەقىل ھەم ئىلىم، ئەخلاق-پەزىلەت، سودا-تىجارەت، ھەر

خىل مۇسىبەت، گۇناھ-مەئسىيەت، زۇلۇم-زالالەت توغرىسىدىمۇ ئايەتلەر بار. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ ئىگىلىسەك ھەر قانداق مۇراسىم سورۇنلىرىدا شۇ سورۇنغا مۇۋاپىق، ھەر خىل ئادەملەرگە شۇ ئادەمگە مۇۋاپىق مەنىدىكى ئايەتنى تاللاپ ئوقۇپ، تەرجىمىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ ۋەز-نەسىھەت، تەسەللى بەرسەك ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ.

قۇرئاننى چۈشىنىپ ئوقۇپلا قالماي، تەپەككۇر قىلىپ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالا ئۆز كالامىدا: "**(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىزسانىڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر**" {سۈرە «ساد» (38-سۈرە)، 29-ئايەت} دېگەن. قۇرئان ئەرشتىكى لەۋھۇلمەھپۇزدىن ئىنسانلار ئارىسىغا چۈشۈرۈلگەن ئەڭ چوڭ مۆجىزات. شۇنداق ئىكەن بۇ مۆجىزاتتىكى ئىلىم-ھېكمەتنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن، قۇرئاننى ھەر بىر ئايەت بويىچە تەتقىق قىلىپ، ئايەتنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ، ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تىرىشمىساق نۇرغۇنلىغان نېمە ئۈچۈنلەر جاۋابسىز قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىشكە، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ ھەقىقىي ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇپ چۈشەنگەندىلا ئاللاھنى توغرا تونۇپ ئىمانىمىز كۈچىيىدۇ؛ ئۆزىمىزنى، باشقىلارنى، دۇنيانى ۋە ئاخىرەتنى توغرا تونۇپ يېتەلەيمىز؛ ھايات ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇپ ھەق يولدا ئۇدۇل ماڭالايمىز؛ ئۆزىمىزنىڭ، بالىلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قۇرئاننىڭ روھىغا مۇخالىپ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى نەسىھەت بىلەن توسۇپ تەربىيە بېرەلەيمىز.

"**پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ**" {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە) 89-ئايەت}. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك: "دۇنيادىكى پۈتۈن كىتابلارنىڭ قىممىتى «قۇرئان كەرىم»گە مۇجەسسەملەنگەن. قۇرئان دۇنيادىكى بارلىق بىلىملەرنىڭ ئامبىرى، ئەڭ ئالىي ساماۋى كىتاب". مەزمۇنى چەكسىز ھەم چوڭقۇر بۇنداق ئوكيانۇسنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆز تىلىمىزدا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئاننى ئوقۇش ئەڭ قۇلايلىق بولىدۇ. ئالىم — يۇرتنىڭ چىرىغى، مىللەتنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى. ئالىملار مىللەتنىڭ پىر-ئۇستازى بولغاچقا مەيلى ئەسەر يازسۇن، مەيلى ۋەز-نەسىھەت، ئىلمىي مۇھاكىمە قىلسۇن، ئانا تىلدا سۆزلىمىسە قەلبىدىكى ئىلمىنى ئۆز قەۋمىگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. تىل — مىللەتنىڭ يۈرىكى، تىنىقى، مىللەتنىڭ ئۆزى. خەلقنى تەربىيلەپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە تىلنىڭ رولى ئىنتايىن زور. مەشھۇر مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك: "بىلىملىك كىشى ئۆز بىلىمىنى تىل بىلەن بايان قىلمىسا ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ كۆمۈلۈپ ياتسىمۇ نۇر بېرەلمەيدۇ".

مەشھۇر قۇرئانشۇناس، ئاتاقلىق تەرجىمان مۇھەممەد سالىھ داموللىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشى ئىسلام دىنى تەرەققىياتىغا قوشۇلغان غايەت زور تۆھپە، ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق زور ئىش. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار تەرجىمە قۇرئاننى ئاللاھنىڭ كالامى دەپ تونۇپ ئىخلاس بىلەن ئوقۇيدۇ. تەرجىمە قۇرئان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن دۆلىتىمىز ئىچىدە ۋە خەلقئارادا زور تەسىر قوزغىدى. مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور شان-شەرەپ، نام-ئاتاققا مۇيەسسەر بولدى. ماراكەش، كۇۋەيت، قازاقىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ ئىسلام دىنى دۇنياۋى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى، ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇدى. 1991-يىلى مىسىر زوڭتۇڭى مۇبارەك ئىسلام تەتقىقاتىدا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان 10 ئالىم قاتارىدا ئۇنىڭغا 1-دەرىجىلىك ئىلىم-پەن ئوردېنىنى ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويدى. ئۇيغۇرچە تەرجىمە «قۇرئان كەرىم»نى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى فەھد بىن ئابدۇل ئەزىز ئۆزىنىڭ شەخسىي

«قۇرئان كەرىم» بېسىش مەتبەئەسىدە كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىپ ھەر يىلى شىنجاڭدىن ھەرەمگە بارغان ھاجىلارغا ھەدىيە قىلدى. ‹‹شەرەپ ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇق ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن كېلىدۇ›› (بەرشىدى).

ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە بەختسىزلىكلىرىنىڭ مەنبەسى نادانلىق. ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ئىزدىشى ئىلىم ئۆگىنىشتىن باشلىنىدۇ. ئىلىم — بەختنىڭ ئاچقۇچى. ئاللاھ تائالا ئايەت كەرىمدە: ‹‹**ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتىرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**›› {سۈرە «مۇجادەلە» (58-سۈرە)، 11-ئايەت} دېگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹‹**ئىلىم- ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. تەقۋالىق دىننى تۇتۇپ تۇرغۇچى تۈۋرۈكتۇر. مېنىڭ قارىشىمچە ئىبادەتكە قارىغاندا ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ئارتۇقتۇر**›› («سەھىھ ھەدىسلەر»، 391-، 407-ھەدىس) دېگەندى. بىلىم-قابىلىيەت، ئەقىل-پاراسەت، ئەخلاق-پەزىلەت ئىنسانىيەتنى بەختكە يەتكۈزىدىغان ئۈچ ئەڭگۈشتەر. پەقەت بىلىملا ھەقىقىي بايلىق. بىلىم بايلىقى بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولغاچقا ماددىي بايلىق يارىتىدۇ. بىلىم بايلىقى ماددىي بايلىقنىڭ ئانىسى. ماددىي بايلىق تەرەققىياتنىڭ ئېنېرگىيىسى. ئىنسان تەرەققىياتقا ئىنتىلىدۇ. بىلىم — جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى پىشاڭ. شۇڭا بىزنىڭ ئاخۇن-ئىماملىرىمىز دەۋر روھىنى چۈشىنىپ، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتكە زېچ ماسلىشىشى كېرەك. ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، بىلىمنى سۆيۈپ، جامائەتنى سۆيۈپ ئۆزى ئۆگىنىشى، جامائەتكە ئۆگىتىشى، بىلىم ئىگىلەش، ئىلىم تارقىتىش، ئادەم تەربىيىلەشكە پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بارىنى سەرپ قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹**كىمكى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان ھالەتتە ۋاپات بولۇپ كەتسە ئۇ كىشى جەننەتتە پەيغەمبەرلەردىن پەقەت بىر دەرىجىلا تۆۋەن تۇرىدۇ**›› دېگەن (ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتى). يەنە تېخى: ‹‹**ئالىم ئۈچۈن ئاسمان-زېمىندىكىلەر، ھەتتا سۇ ئاستىدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئالىمنىڭ ئابىدتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ بارلىق يۇلتۇزلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەر تەڭگە مىراس قالدۇرغىنى يوق، ئۇلار پەقەت ئىلىم قالدۇرغان، ئىلىم ئالغان ئادەم چوڭ نېسىۋە ئالغان بولىدۇ**›› دەپ ئېيتقان.

ئاللاھ ئالىملىرىمىز، ئاخۇنلىرىمىزنى بۇ دۇنيادا بەخت-سائادەتكە نېسىپ قىلغاي، ئاخىرەتتە ئورنىنى پەيغەمبەرلەرگە يېقىن قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: مورى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپتىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئوقۇرمەنلىرىگە:**

مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ كەلمەكتىمەن. بىز مۇسۇلمانلارغا بۇ ژۇرنال مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كېلىۋاتقان بولغىنى كۈندە بەزى ئوقۇرمەنلەر بۇ ژۇرنالنى ئوقۇپ بولۇپلا كەلسە-كەلمەس تاشلاپ قويۇپ، يىرتىلىپ پاسكىنا بولۇپ كەتسىمۇ كارى يوق يۈرمەكتە. مۇسۇلمانلىرىمىز «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىفنى ھەقلىق يوسۇندا ناھايىتى ئاسرايدۇ، ئۇلارنى كىتاب جاھازلىرى، تەكچىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا تىزىپ، قۇرئان، ھەدىس قويۇلغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ مۇقەددەس كىتاب ئايەت-ھەدىسلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ بېتىدىن ئورۇن ئالسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كالامى بولماي قالارمۇ؟ مەيلى ئەرەبچە ياكى باشقا يېزىقتىكى دىنىي كىتاب-ژۇرنال بولسۇن، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ياكى ھەدىس بولىدىكەن، ئۇنى قالايمىقان تاشلاپ كېرەكسىز قەغەز قىلىۋېتىشكە كۆڭلىمىز قانداقمۇ چىدار؟! ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى قايسى تىل-يېزىقتا بولسۇن ياكى قانداق كىتاب-ژۇرنالغا بېسىلسۇن، بىز مۇسۇلمانلار ئۇنى مۇقەددەس بىلىشىمىز، ئوقۇپ ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. (مەمتىمىن ھېيت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە ئەسلەتمە

غەيرەتجان ئوسمان

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. قەيەردە مۇسۇلمانلار بولىدىكەن شۇ يەردە «قۇرئان كەرىم» بولىدۇ.

قاراخانىلار خانلىقى(850—1212)نىڭ مەشھۇر خانى سۇتۇق بۇغراخان (888—956) مىلادىيە 915-يىلى(910- يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار) كاشغەر شەھرىدە خانلىقنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاۋام خەلقنى ئىسلام دىنىنىڭ يولىنى تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. «قۇرئان كەرىم»نى دەسلەپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئەسلىدىكى ئەرەب تىلىدىكى نۇسخا بويىچە ئوقۇغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەينى زاماندىن باشلاپلا قۇرئان ئايەتلىرىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش قولغا ئېلىنىپ، ھەر قايسى دەۋرلەردە تۈركۈم-تۈركۈملەپ شەرھشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپكى شەرھشۇناسلاردىن ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەرى بولۇپ، بۇ زات تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇستازى، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد خانلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى، مۇدەررىس ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە 200 رىسالىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان. ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە شەرھىسى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە نەقىل ئېلىنغان. بۇ مەشھۇر شەرھشۇناس ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى«قۇرئان كەرىم» نى شەرھلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئۇيغۇرلار «قۇرئان كەرىم»نى شەرھ ئارقىلىق چۈشىنىپ كەلگەندىن باشقا يەنە تەرجىمىسى ئارقىلىقمۇ چۈشەنگەن. «قۇرئان كەرىم» قاراخانىلار خانلىقى زامانىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن، يەنى 12- ئەسىردىن باشلاپ 14- ئەسىرگىچە ئىلگىرى-كېيىن ئالتە قېتىم ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخىسى 12-، 13- ئەسىردىكى قوليازما نۇسخا بولۇپ، بۇنى مۇھەممەد ئىبنى ھاجى دۆلەتشاھ ھىجرىيە 734- يىلى (مىلادىيە 1333—1334- يىلى) ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدە نەپىس ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان، جەمئىي 902 بەت، ھەر بىر بېتىدە توققۇز قۇر خەت بار، مەزمۇنى تولۇق، ئەرەب تىلىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئاستىدا قىزىل سىيا بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەرجىمىسى يېزىلغان، تەرجىمان ئەسلىگە سادىق بولغان ئاساستا مېھنەت سىڭدۈرگەن. بۇ تېپىك ئۇدۇل تەرجىمە نۇسخا ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى تۈرك ۋە ئىسلام ئەسەرلىرى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئەپسۇسكى، بۇ تەۋەرۈك نۇسخىنى كىم، قەيەردە، قاچان تەرجىمە قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر پىنھان بولماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلارنىڭمۇ تەرجىمانلىرى ئېنىق ئەمەس. بۇلار ھازىر لوندون ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردىكى مۇزېيلاردا ساقلانماقتا.

«قۇرئان كەرىم» 17- ئەسىردىن 20-ئەسىرگىچە يەنە كۆپ قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، ياركەنت ھۆكۈمدارى خوجا ياقۇپ (ئەدەبىي تەخەللۇسى ئەرشى، 1685—1756 -يىللىرى ياشىغان، 1735- يىلدىن 1756- يىلغىچە ھۆكۈمدار بولغان) دىۋان خىراجىتى بىلەن «تەفسىرى قۇرئان»نى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەتكۈزگەن. بۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1725—1849) مۇ «قۇرئان كەرىم تەفسىرى» نى ئىشلەپ تۈگەتكەن. ئەمما ئالىمنىڭ بۇ خىزمىتى قانچىنچى يىلى تاماملانغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق.

قاغىلىقتا ئۆتكەن داڭلىق ئۆلىما ھۈسەيىنخان تەجەللى (1856—1925) 1910- يىلى ئۇيغۇرچە «قۇرئان تەفسىرى»نى ئىشلىگەن. تەجەللىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابلىكىم مەخسۇم ھاجى «تەجەللى-مۇجەللى»نامىلىق كىتابى (بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984- يىلى نەشر قىلىنغان) دا ئېيتىشىچە، تەجەللى ھەزرەتلىرى بۇ تەفسىرنى ئابدۇقادىر داموللام(1869—1924)، شەمسىدىن

دامولـلام(1882- 1936- يىلى ۋاپات بولغان)، ھۈسەيىن باي ھاجى ۋە باھاۋۇدۇن باي قاتارلىق قەشقەر كاتتىلىرىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان. يەنە شۇ 1910- يىلى چۆچەكتىكى روزى ئاخۇننىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشى بىلەن يۇسۇپ دامولla «قۇرئان كەرىم تەفسىرى»نى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ چىققان.

شەمسىدىن دامولـلام بۇرادىرى تەجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ «قۇرئان كەرىم تەفسىرى»نى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا نام چىقارغان.

«روشەن بايان-تۈركىي تەفسىرۇل قۇرئان» دېگەن نامدىكى ئۇيغۇرچە تەفسىر سابىت داموللام (1883—1942) شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە (1937- يىلىدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپ چىققان قىممەتلىك ئەمگەك. تەرجىمان بۇ تەرجىمە «مۇقەددىمە»سىدە: ''ھەر سائادەتنىڭ يۇلتۇزى، ھەر شاراپەتنىڭ يىلتىزى، ھەر ئىلىم-مەرىپەتنىڭ دېڭىزى، ھېكمەت ۋە ئادالەتنىڭ تارازىسى شەكسىز قۇرئان ھېكىمدۇر. بۇ قۇرئان ھېكىم خۇدانىڭ كالامى بولغاچ بەندىنىڭ ئۇنى بايان قىلمىقى پەۋقۇلئاددە قىيىن ئىدى... كەمىنە بۇ مەيدان كىشىلىرىدىن بولمىسامۇ ۋە مېنىڭ ئىشىم ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكتىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدەك بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر كىشىگە ئۆز قۇدرىتىگە بېقىپ دىن-مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماق بەك زۆرۈر بولغان سەۋەبتىن قۇرئان ھېكىمنى نازىرلار(ئوقۇرمەنلەر) مالال بولغۇدەك ئۇزۇن قىلماي ۋە مەنىسىگە دەخلى بەرگۈدەك قىسقا قىلماي، ئوتتۇرا ھال بىر تەفسىر قىلسام دەپ كۆپ زاماندىن بېرى خىيال قىلىپ، ئۇزۇن-قىسقا تەفسىرلەرنى توپلاپ ئۇنىڭدىن ئىستىفادە قىلغانىدىم (پايدىلانغانىدىم)، ھەمدۇ سانانىڭ ئىگىسىگە چەكسىز ھەمدۇ سانا بولسۇنكى، خۇدانىڭ لۇتفى ئىنايىتى بىلەن ۋە تەۋپىق ھىدايىتى بىلەن ھەممەتلىك نازىرلارنىڭ كۆڭۈللىرى خۇرسەن بولغۇدەك زىبا بىر كىتاب بولدى'' دەپ يازغان. بۇ تەرجىمە-تەفسىرنىڭ 30- پارىسى 1948- يىلى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ تەفسىرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى سابىت دامولla منىڭ غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى ھاجى ئابدۇللا 1961- يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىغا ھەدىيە قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دامولla مۇھەممەد زىرىپ قارى ھاجى (1858—1956) 1955- يىلى غۇلجىدا «قۇرئان كەرىم تەفسىرى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

مۇھەممەد سالىھ دامولla تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمىسى ئىشەنچلىكلىكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئالاھىدىلىكى بويىچە چۈشىنىشلىك، توغرا ئىشلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن شىنجاڭدىكى بىر قاتار مىللەتلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى چەت ئەللەردىمۇ نام چىقاردى.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى مىراسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن مىڭ يىل مۇقەددەم ئۇيغۇرلار «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئۇچراشقان، ئېتىقاد ۋە مەنىۋى ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشتا، مەنتىقى، ئەقلىي ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. تارىختا ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئەرەب تىلىنى بىلىدىغانلىرى «قۇرئان كەرىم»دىن بىۋاستە پايدىلانغان بولسا، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىمالار كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ئوبدان قاندۇرۇش ئۈچۈن تەرجىمە- تەفسىر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ئۇلۇغ كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەپ ئاممىغا تەقدىم قىلغان. قۇرئانشۇناسلىق دۇنياۋى ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوبۇل قىلغان. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە خېلىلا مۇھىم تۆھپە قوشقان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ياخشىلىققا يۈزلىنىپ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈش -- بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى

يۈسۈپ قادىر پەتتار

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جانابى ئاللاھ تائالا ھۆرمەتلىك مۇقەددەس كىتاب قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: "(ئى مۇھەممەد!) **تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق**" {سۈرە «مەريەم» (19-سۈرە)، 97-ئايەت}.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! «قۇرئان كەرىم» ناھايىتى ئۈچۈق، روشەن ئەرەب تىلىدا، ئاللاھدىن قورقىدىغان تەقۋادار، پەرھىزكار، ھالال بىلەن ھارامنى، سۈننەت بىلەن بىدئەتنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىدىغان مۆمىن كىشىلەرگە خۇش خەۋەر ئاگلىتىدۇ. خۇشامەتچى، جېدەلخور، پەسكەش، ھەسەتخور، سۇخەنچى، غەيۋەتخور، تەكەببۇر، خىيالپەرەس، بېخىل، ئاچكۆز، تاماخور ئىنسانلارنى مۇنداق يامان قىلىقلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىمى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئومۇمیۈزلۈك ياخشىلىققا يۈزلىنىشىمىز، يامانلىقتىن قول يىغىپ، گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئەۋەتىدىغان بالا-قازانىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا-قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر**" {سۈرە «ئەنفال» (8-سۈرە)، 25-ئايەت}. يەر يۈزىدىكى گۇناھلار سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا بالايى-ئاپەت چۈشۈرسە، يامان كىشىلەرمۇ، ياخشى كىشىلەرمۇ تېگىشلىك جازاغا ئۇچراپ قالىدۇ-دە، كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئارىسىدا ئەمرى-مەرۇپ قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قانات يايدۇرۇش، نەھيى-مۇنكەر قىلىپ يامان ئىش، ناچار قىلىقلارنى توسۇپ، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شەرەپلىك بۇرچى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)نىڭ 71-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**". مۆئمىنلەر مۇشۇنداق بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، بىر-بىرىنى قوللاپ كۈچەيتىدىغان دىنى قېرىنداشلاردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ھەر بىر گۈزەل، ياخشى ئىشلارغا كىشىلەرنى دەۋەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان ھەر قانداق قەبىھ ناچار ئىشلاردىن كىشىلەرنى توسۇپ جەمئىيەت ئەخلاقىنى تۈزەيدۇ ۋە يامان ئىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بەش ۋاق نامازنى ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىپ، پەرز بولغان زاكاتنى

ئاللاھ تائالا رىزالىقى ئۈچۈن زاكات ئېلىشقا لايىق بولغان كىشىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەمدە ھەر قانداق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ھازىر جەمئىيەتتە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان، ئىسلام شەرىئىتىدە گۇناھ ھېسابلانغان ناشايان قىلىقلارنى ھايا قىلماستىن ئۇچۇق-ئاشكارا قىلىۋاتىدۇ. مۇنداق قىلىقلارنىڭ تەسىرىدە ياش ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ ئىلمى تەلىم-تەربىيە ئېلىشى، ئەقلى تەلىم-تەربىيە ئېلىشى، ئەخلاقى تەلىم-تەربىيە ئېلىشى ناھايىتى چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرمى ھاياسىنى يوقىتىپ، ھېس-تۇيغۇسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، ئىنسانىي خىسلىتىنى يوقىتىپ ھايۋانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغان ئاجايىپ ئادەملەر مەيدانغا كەلمەكتە. شۇڭا، مۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر بىر كىشى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك، بۇ ھەقتە «مىشكاتۇل مەسابىھ» نىڭ 436-بېتىدە مۇنداق بىر ھەدىس خاتىرىلەنگەن: ھوزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات (يەنى ئاللاھ تائالا) بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشىڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار پات يېقىندا ئاللاھ سىلەرگە ئۆز تەرىپىدىن بىر بالايى-قازا ئەۋەتىدۇ-دە، ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلار دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ(يەنى بالا-قازا قايتۇرۇلمايدۇ)**".

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارا كۆيۈمچان، بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىر-بىرىمىزگە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىپ دۇنيادا ئىناق-ئىتتىپاق بولۇپ گۈللەنگەن جەمئىيەت بەرپا قىلىپ ئارامبەخش تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدىغان، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىپ گۈزەل ماكان — جەننەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان كىشىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك. بىر-بىرىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىم دەپ بىلىدىغان، بىر-بىرىمىزنىڭ زىيىنىنى ئۆز زىيىنىم دەپ قارايدىغان گۈزەل ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بىر-بىرىمىزنى كۆزگە ئىلماي كەمسىتىدىغان، ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتۇپ تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان، ساختىپەزلىك قىلىپ بىر-بىرىمىزنى ئالدايدىغان، پىتنە-پاسات پەيدا قىلىپ ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان، ھەسەتخورلۇق قىلىپ بىر-بىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن رەزىل پەسكەش قىلىقلارنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىشىمىز لازىم. ئاڭ سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىزچىل تۈردە كەمتەرلىك بىلەن بىلىم ئىگىلەپ ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز كېرەك. كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ بىلىمىمىزنى ئاشۇرماي تۇرۇپ كۈچ قۇدرەتتىن، ئەدەپ-ئەخلاقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، نادانلىق بىلەن تەكەببۇرلۇقنى يوقاتماي تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، تەكەببۇرلۇق ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنىڭ دۈشمىنى. ئارىمىزدا شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەقىقەت شۇنچە روشەن، ئەقلى جەھەتتىن، نەقلى جەھەتتىن دەلىل-ئىسپات تولۇق بولسىمۇ تەكەببۇرلۇقى ياكى نادانلىقى سەۋەبىدىن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، دۇنيادا خارلىقتا، مۇشەققەتتە جاپا تارتىپ، قىيامەتتە كورلۇقنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە «تاھا»(20-سۈرە)نىڭ 123-، 124-ئايەتلىرىدە مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە،**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ. كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز“.**

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىكى شەرئەت ئەھكاملىرىغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە مۆئمىنلەردىن بولۇپ، دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققىتىدىن، ئاخىرەتنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم. «تەپسىر قۇرتۇبىي»نىڭ (11- جىلد) 258- بېتىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن: ”كىمكى قۇرئان ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى بارلىق (ئىبادەت ۋە مۇئامىلە، ئەمرى- مەرۇپ ۋە نەھيى-مۇنكەر قاتارلىق) ئىشلارغا ئەمەل قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇنيادا ئازماسلىقىغا، ئاخىرەتتە شەقى بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ“. بىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئورۇنلاپ، بىر- بىرىمىزنى مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن قوللاپ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزغا مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم قىلىپ، مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان يۈكسەك ئەخلاقى پەزىلەتنى ئورۇنلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىزگە بېرىدىغان ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىر- بىرىمىزگە زۇلۇم قىلىشىمىز ھارام، بىر- بىرىمىزگە ياردەم بېرىپ قوللاش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ياخشى مەسلىھەت بېرىپ پايدىلىق ئىشلارنى كۆرسىتىش ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مەنبەسى. بۇ ھەقتە «سەھىھ بۇخارى»نىڭ (1- جىلد) 330- بېتىدە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى خار كۆرمەيدۇ، كىمكى (مۇسۇلمان) قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە (يەنى تەسەللى بېرىپ، چوڭ غەم قايغۇسىدىن قۇتۇلدۇرسا) ئاللاھ قىيامەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ (ئەيىبىنى) ياپىدۇ“.**

مۆئمىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئائىلە، ئالاقە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىشلىرىدىكى گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئىسلام قېرىنداشلىقى تەقەززا قىلىدىغان بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر- بىرىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئىززەت-ئابرويىغا دەخلى-تەرۇز قىلماسلىقتەك ئالىيجاناب پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. مەنىۋى بايلىق ۋە ماددىي بايلىققا ئېرىشىپ ئىككى ئالەملىك پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشنىڭ چىقىش يولى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتا.

جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى توغرا يولغا باشلاپ، يۈكسەك ئەخلاقى پەزىلەت، پاك ئىنساپ دىيانەت ئاتا قىلىپ، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا يەتكۈزگەي. ئامىن!

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى، بەتلىرى ئۇيغۇرسوفت «ئەلكاتىپ 2.7» نۇسخىسىدا ئىشلەندى ۋە ئۇيغۇر سوفت «ئەل كوررېكتور» دا كوررېكتورلۇق قىلىنىپ، بېسىپ چىقىرىلدى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد.

# تەكەببۇرلۇق هارامدۇر

ئابدۇللا هوشۇر

بىسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

" تەكەببۇر" دېگەن بۇ ئەرەبچە سۆز " ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتۇش" دېگەنلىك بولۇپ، كىشىلەر بۇ دۇنيادىكى قىسقىغىنە ھاياتىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىلىپ-بىلمەي بۇ تەكەببۇرلۇق تونىنى كىيىۋالىدۇ. بەزىلەر ئازغىنا بايلىقى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلسا، بەزىلەر كىچىككىنە ئىش ئورنى ۋە ئەمەل- مەنسەپلىرى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىشىدۇ، بەزىلەر ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقان، دوست- بۇرادەر، قولۇم-قوشنىلارغىمۇ تەكەببۇرلۇق قىلىشىدۇ. بۈيۈك ئىسلام دىنىمىز تەكەببۇرلۇق دېگەن بۇ ناچار قىلمىشنى ئەزەلدىن ئەڭ ناچار ئىش دەپ قاراپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى بۇ ناچار "ۋابا" كېسەللىدىن نېرى تۇرۇپ، بۇ كېسەلنىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ئىچىدە يامراپ كېتىشىنى توسۇپ كېلىۋاتىدۇ. تەكەببۇرلۇقنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بۈيۈك ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىپ: **"سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن. يۇقىرىقى (ئىش)لارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياماندۇر"** {سۈرە«ئىسرا»(17-سۈرە)، 37-، 38-ئايەت}؛ **" كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر"** {سۈرە«لوقمان»(31-سۈرە)، 18-، 19-ئايەت} دەپ ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى، كىشىلەرگە يۈزتۇرانە سىلىق، ئوچۇق-يورۇق مۇئامىلىدە بولۇشنى، سۆزلەشكەندە قوپال، تەكەببۇرانە سۆزلەرنى قىلماي سىلىق، ياخشى سۆزلەرنى قىلىشنى، مېڭىش- تۇرۇشتا گىدىيىۋالماسلىقنى بۇيرۇغان.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! تەكەببۇرلۇق ھەقىقەتەن ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى يامان قىلمىشتۇر. ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەيدىكەنمىز تەكەببۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇق كېسەللىدىن يىراق بولۇپ، بىر-بىرىمىزگە مېھىر-شەپقەتلىك بولايلى. ئەينى ۋاقىتتا شەيتان تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، يۇقىرى مەرتىۋە- ئابرۇيىدىن بىراقلا ئايرىلىپ، جەننەتتىن ھەيدىلىپ، ئىنسانغا دۈشمەن مەخلۇققا ئايلانغان، ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن مەڭگۈ لەنەتكە قالغان. مۇسۇلمان قېرىنداشلار! تەكەببۇرلۇقنى ئاللاھ بىزگە ھارام قىلغان ئىكەن، چوقۇم بۇ "ۋابا"دىن يىراق بولايلى. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز ئادىمىيلىككە يات، شەيتان سۈپەت، قوپال مەخلۇققا ئايلىنىپ، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرايمىز. تەكەببۇرلۇقنىڭ زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنۇ ھەدىسلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى تەكىتلىگەن. ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **" كىمكى ئۇنىڭ قەلبىدە زەررە چاغلىق كىبىر بولىدىكەن ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ"** دېگەن. بىر ئادەم: "ئى رەسۇلۇللاھ! كىشى چىرايلىق كىيىم كىيىشنى، چىرايلىق كەش كىيىشنى ياقتۇرىدۇ" دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: **" ئاللاھ ھەقىقەتەن گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ. لېكىن كىبىر دېگەن ھەقنى كۆزىگە ئىلماسلىق، كىشىلەرنى كەمسىتىشتۇر"** دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى).

يەنە ئىياز ئىبنى ھىمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ ماڭا كەمتەر بولۇشۇڭلارنى ۋەھيى قىلدىكى، تاكى بىر ئادەم ئىككىنچى ئادەمنى**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەمستىمگەي، بىر ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە پەخىرلەنمىگەي» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ غادىيىپ ماڭىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ» (ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

قېرىنداشلار! يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئايانكى، تەكەببۇرلۇق چەكلەنگەن يامان ئىللەت بولۇپ، ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە چوڭچىلىق قىلماي، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىز، تەكەببۇرلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان قېرىنداشلارنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز زۆرۈر. ئۇيغۇرلاردىن چىققان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائى، تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق ئالىم، ئەدىب-شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدە تەكەببۇرلارغا ۋەز-نەسىھەت تەرىقىسىدە مۇھىم سۆزلەرنى قالدۇرۇپ، كىشىلەرنى كەمتەر، خۇشپېئىل بولۇشقا ئۈندىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ھاكاۋۇرلۇقنى سۆكۈپ مۇنداق يازغان:

كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما، تەكەببۇر بولما،
قوشۇن-خىزمەتچىلەر كۆپ دەپ كۆكسۈڭنى كېرمە.
قانچىلىغان باتۇر، تەكەببۇر، گېدەيگەن كىشىلەرنى،
ئۆلۈم يەرگە كۆمدى، تۇپراق ئۈستىنى ياپتى.
خەزىنەم كۆپ دەپ مال-دۇنيالىرىڭغا مەغرۇرلانما،
ھەشەمەتىم، قوشۇنۇم كۆپ دەپ كۆكسۈڭنى كېرمە!
كۈچكە مەغرۇرلىنىپ كۆكرەك كەرگۈچى،
(ئاخىر) بىر پاشىغا ئامال قىلالمىدى.

ئەلشىر نەۋائى ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن تەكەببۇرلۇقنى سۆكۈپ، كەمتەر بولۇشقا ئۈندىگەن:
كەمتەرلىك ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مەنزىرىلىك بېغىدۇر،
كەمتەرلىك ئادەمنى كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلىدۇ.

شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف مۇنداق يازغان:
ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

مانا بۇ بىزنىڭ ئالىم-ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھاكاۋۇرلۇققا بەرگەن باھاسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كەمتەر، ئەخلاقلىق بولۇشىغا رىغبەتتۇر. بۈيۈك ئاللاھ تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قانداق مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلغان: «ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلىمىز، (ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر» {سۈرە «قەسەس» (28-سۈرە)، 83-ئايەت}.

تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە يەنە مۇنداق دېگەن: «مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: 'سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز' دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)» {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 63-ئايەت}. كەمتەر مۇسۇلمانلار توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئەھلى جەننەتتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ كەمتەر، ناتىۋان ئادەمنىڭ ھەر قانداقى ئەھلى جەننەت بولىدۇ، بۇنداق ئادەم دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ. سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۆزى قوپال، ئاسىي ۋە تەكەببۇر ئادەمنىڭ ھەرقانداقى ئەھلى دوزاخ بولىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى). دېمەك يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنى بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈركى، بىز ئاللاھنىڭ ئىتائەتمەن ياخشى بەندىلىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىلىك ئۈممەتلىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، چوقۇم ئەدەپ-ئەخلاقلىق، كەمتەر بولۇپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىززەت ئابرۇيىنى قوغداپ، دىنىمىزنىڭ ئاللاھ كۆرسەتكەن ھەق دىن ئىكەنلىكىنى باشقا كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ، دىنىمىز ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ بارىچە تۆھپە قوشۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا ئۇمىدۋار ھالدا ئىنتىلەيلى-ئامىن!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىكى

يۇسۇپجان سەمەت ئەففي

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ، پىل يىلىدىن ئۈچ يىل كېيىن (يەنى مىلادى 573-يىلى) تۇغۇلغان. ئۇ"ئەبۇ بەكرى" دېگەن كۇنيەتى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ دادىسى ئوسمان بولۇپ، "ئەبۇ قۇھافە" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى بولسا "ياخشىلىق ئانىسى" دەپ نام ئالغان سەلمادۇر.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ ياش كىچىك بولۇپ، بۇرۇندىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنەتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ئىنتايىن راستچىل كىشى ئىدى، كىشىلەرگە داۋاملىق خەيرى-ئېھسان قىلىپ تۇراتتى، پېقىر-مىسكىنلەرنى يوقلاپ تۇراتتى. مۇئامىلىدە ناھايىتى سىلىق ئىدى. ئۇ شۇ دەۋردىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ نوپۇزلۇق چوڭلىرىدىن ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. دىيەتلەر ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلاتتى. ئۇ بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا قۇرەيشلەر دەرھال قوشۇلاتتى. ئۇ كاتتا باي ئىدى، ياخشى مەجلىسلەردە بولاتتى. شۇنداقلا، تەدبىرلىك دانا كىشى ئىدى. ھاراق ئىستېمال قىلىش ئەۋج ئالغان جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى ھاراقنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىشقان ئىدى. ئۇ قۇرەيش ئىچىدە راستچىللىق بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ھەققانىيەتنى قوغدايتتى...

ئەتراپنى جاھالەت تۇمانى باسقان، ھەق يول پەرق ئېتىلمىگەن بىر تارىخىي شارائىت ئاستىدا، ھەر قانداق ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى ئاللاھ بۈيۈك پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەققەت دىنىنى تارقىتىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىلاھىي ھەققەتكە دەۋەت قىلىشقا باشلىدى...

ھەرقانداق كىشى يېڭى بىر ئىدىيىنى قوبۇل قىلىدىغان چاغدا، ئۇنىڭدا بىرخىل ئىككىلىنىش، تېگىرقاش بولىدۇ. قەلبى بۇرۇندىنلا ئىلاھىي ھەققەتكە تەلپۈنۈپ تۇرغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىمان ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان ھەر قانداق كىشىدە بىر خىل دېلىغۇللۇق، ئىككىلىنىش، ئويلىنىش بولدى، پەقەت ئەبۇ بەكرىدىلا ھېچقانداق بىر ئالامەت كۆرۈلمىدى".

ئۇ ئىمان ئېيتقان چاغدا، يېنىدىكى تىجارەت مېۋىسىدىن قىرىق مىڭ دىرھەمنى بىراقلا ئاللا يولىدا ئاتىۋەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "پاكلىنىش ئۈچۈن مال-مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن(يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر" {سۈرە «لەيل» (92-

www.uyghurkitap.com

سۈرە)، 18 — 19-ئايەتلەر}. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ياخشىلىق بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ بارلىق ئىشلاردا رەسۇلۇللاھقا ئەگەشتى. كېيىنكى ساھابىلەر ئارىسىدا ”ساقلانغان كىشى“ دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا چىن دىلىدىن ئەگىشىپ، ئۆزىنى ئىسلام دىنىغا ئاتىۋەتكەن ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئەبۇ بەكرى ئاللاھ دوزاختىن ساقلاپ قالغان كىشى“.** بۇ — ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر، خالاس!

ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىنى شەرتسىز ئورۇنلايتتى، ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ھەممىدىن ئەلا بىلەتتى، بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلالايتتى، راستچىللىقنى چىڭ تۇتاتتى، ھەر قانداق ئەھۋالدا يالغان سۆزلىمەيتتى، ئەڭ ئاۋۋال رەسۇلۇللاھنى تەستىقلايتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىل ئەقساغا سەير قىلدۇرۇلغان چاغدا، بۇ ئىشنى كىشلەرگە سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ئۇنى تەستىقلىغان كىشىلەرمۇ مۇرتەد بولۇپ كەتتى ۋە پىتنە قىلىشتى. ئەبۇ بەكرى: ’مەن ئۇنىڭدىنمۇ يىراق يەرگە بارغانلىقىغىمۇ ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، مەن ئۇنىڭ ئاسماننىڭ خەۋەرلىرىنى ھەر قانداق ۋاقىتتا تەستىقلايمەن‘ دېدى. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ‹سىددىق› (راست، توغرا سۆزلىگۈچى، چىن سۆزلۈك) دەپ ئاتالدى“.

ئۇ ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇنىڭ ئېڭىدا ئاللاھ، ئاللاھنىڭ رەسۇلىلا بار ئىدى، ئۇ دەۋەت قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدى، ئۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە قارىمايتتى. جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بەشى ئۇنىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە دۇئا قىلىشى ئارقىلىق ئىمان ئېيتقان، ئۇلار: ئوسمان ئىبنى ئەففان، زۇبەيرى ئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف، سەئىد ئىبنى ۋەققاس، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللادۇر؛ ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرتكىسىدە ئاتا-ئانىسى، ئىككى ئوغلى، نەۋرىسىمۇ كەينى-كەينىدىن ئىمان ئېيتقان.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتەتتى، داۋاملىق بىللە يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلاتتى. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرىدەكلا ئىدى. تۆۋەندىكى ئايەت ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا نازىل بولغان: **”ئىشلاردا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن،...“** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 159-ئايەت}.

ئۇ ئىنتايىن سەۋرچان، تەقۋادار، سالماق، تەجرىبىلىك، پاك دىيانەتلىك، دانا كىشى ئىدى، قىيىنچىلىق ئالدىدا پەقەتلا باش ئەگمەيتتى، بارلىق ئىشلاردا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇشرىكلارنىڭ كۆپ ئەزىيەتلىرى يەتكەن. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ ئەرقەمنىڭ ھويلىسىغا بىرقىسىم ساھابىلىرى بىلەن مەخپىي ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كىرگەن چاغدا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”ئى ئەبۇ بەكرى، بىز بولساق ئاز!“ دەيدۇ. لېكىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ مەردانىلىق بىلەن ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلام دىنىغا ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا ئۆتكەن تۇنجى كىشى بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان جاھالەتچىلەر — مۇشرىكلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى چىقىدۇ، ئۇلارنى ئۇرىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئاياغلار بىلەن دەسسىلىپ

چەيلىنىدۇ، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ئۇنى قاتتىق ئاياغلىرى بىلەن تېپىپ تونۇغۇسىز قىلىۋېتىدۇ...ئۇ ھوشىغا كېلىپلا: "رەسۇلۇللاھنى قانداق قىلدى؟!... ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ كەلمىگىچە تاماقمۇ يېمەيمەن، سۇمۇ ئىچمەيمەن" دەيدۇ...

قۇرەيش كۇففارلىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كۆپ ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ مۇھاجىرلار بىلەن ھەبەشىستان(ئېفىئوپىيە)غا ھىجرەت قىلمىدى، بەلكى، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە قېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەزىيەتلەرگە چىدىدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ(ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى)، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئويغىتىدۇ ۋە: "**ماڭا (يۇرتۇمدىن) چىقىپ(ھىجرەت قىلىشىمغا) رۇخسەت قىلىندى**" دەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: "شۇ چاغدا ئەبۇ بەكرىنىڭ خۇشاللىقتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم" دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنمىگەن بولسا ئۇنى ھەرگىزمۇ ھىجرەت قىلىشقا ھەمراھ قىلمىغان بولاتتى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ھەسسان ئىبنى سابىتقا: "**ئەبۇ بەكرى توغرىسىدا بىر نەرسە توقۇغانمىدىڭ؟!**" دەيدۇ، ئۇ: "شۇنداق" دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ: "**توقۇغىن، مەنمۇ ئاڭلاپ باقاي!**" دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرىدۇ:

"باشپاناھ بولغان (ئاشۇ)غاردىكى ئەبۇ بەكرىنى،
تاپالماستىن كەتتى دۈشمەن تاغقا چىققاندا ئۇنى.
بىلدى ھەممە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاشۇ بىر دوستىغا،
ئىنسانلاردىن ھېچ كىشىنىڭ تەڭ كېلەلمەسلىكىنى."

رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كېتىپ: "**راست دېدىڭ ئى ھەسسان! ئۇ خۇددى سەن ئېيتقاندەك**" دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. نامازدا ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىغا دۇئا قىلاتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن بەدر، ئۇھۇد، خەندەك، خەيبەر، مەككىنى فەتھە قىلىش غازاتلىرىغا، ھەممە، ھۇدەيبىيەدىكى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقان ئىدى. تائىپتا، تەبۇكتا ۋە "ھەججەتۇل ۋىدا" دىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىدا ئۆزىنىڭ بۈيۈك قارا بايرىقىنى ئەبۇ بەكرىگە تۇتقۇزغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئۇھۇد، ھۇنەيىن غازاتلىرىدا كىشىلەر قېچىۋاتقان تەقدىردىمۇ مۇستەھكەم تۇرغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى ساھابىلەر ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ھاپىز(قارىي) ئىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "**ئەگەر يېقىن سىردىش تۇتسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى تۇتقان بولاتتىم**" (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ يولىدا ئازابلىنىۋاتقان يەتتە كىشىنى ئازاد قىلغان، ئۇلار: بىلال، ئامىر ئىبنى فەھىرە، زىننىيرە، نەھدىييە، ئۇنىڭ قىزى، جارىيە بىنىنى مۇئەممىل ۋە ئۇممۇ ئۇبەيىسلاردۇر.

تۆۋەندىكى قۇرلار ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھ بىزنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇدى. مېنىڭ يېنىمدىكى مال سەدىقە قىلىشقا بەك مۇۋاپىق كېلىپ قالدى. مەن (كۆڭلۈمدە): بۈگۈن ئەبۇ بەكرى سەدىقە قىلغان بولسا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولاتتىم، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن (بارلىق) ماللىرىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ: '**ئۆيۈڭگە بىر نەرسە ئېلىپ قالدىڭمۇ؟**' دېدى. مەن: 'يەنە مۇشۇنچىلىك نەرسە (ئېلىپ قويدۇم)' دېدىم. ئەبۇ بەكرى يېنىدىكى بارلىق مال-دۇنياسىنى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ: '**ئى، ئەبۇ بەكرى! ئۆيۈڭگە بىرەر نەرسە ئېلىپ قالدىڭمۇ؟**' دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى: 'ئۇلارغا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بار!' دېدى. مەن ئەبۇ بەكرىدىن مەڭگۈ ئېشىپ كېتەلمىگىدەكمەن

www.uyghurkitap.com

دەپ قالدىم». ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىپ رەسۇلۇللاھ: **"بۈگۈن سىلەردىن كىم روزا تۇتتى؟"** دېگەن ئىدى، ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېدى. رەسۇلۇللاھ: **"بۈگۈن سىلەردىن كىم جىنازىغا ئەگەشتى؟"** دېگەن ئىدى، ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېدى. رەسۇلۇللاھ: **"بۈگۈن غارىپلاردا كىم مىسكىنگە تائام بەردى؟"** دېگەن ئىدى، ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېدى. رەسۇلۇللاھ: **"مۇشۇ ئىشلار كىمدە جەمئىي بولسا جەننەتكە كىرىدۇ"** دېدى(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھۇزەيفەدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"مەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە ئەگىشىڭلار!"** دېگەن (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ماڭا ھېچبىر كىشىنىڭ مېلى ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلىدەك مەنپەئەت يەتكۈزمىدى"** دېگەندى، ئەبۇ بەكرى يىغلاپ كېتىپ: "جېنىم، مېلىم سەن ئۈچۈنلا ئەمەسمۇ، ئى رەسۇلۇللاھ!" دېگەن. شۇنى قىستۇرۇپ قويۇش زۆرۈركى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېتىۋاتقاندا، مۇشرىكلار ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىۋالغىلى تاس قالدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى بىر غارغا كىرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەل شۇ چاغدا مۇشرىكلار بۇ غارنىڭ بېشىغا كېلىپ ئۇلارنى ئىزدەيدۇ، ناۋادا ئۇلار ئايىغىنىڭ ئاستىغا قارىسىلا ئۇلارنى تېپىۋالغان بولاتتى، ئەبۇ بەكرى قورقۇشقا باشلايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ، مۇنۇ ئايەت مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدا نازىل بولغان: **"ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى(ئەبۇ بەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى"** {سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 41-ئايەت}. ئاللاھ كامالى قۇدرىتى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ كۆزىنى پەردىلەيدۇ، ئۇلار كۆز ئالدىدىكىنى كۆرمەيدۇ(يەنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن غارنىڭ ئاغزىغا ئۆمۈچۈك تورى تارتىۋەتسە، مۇشرىكلار: بۇ يەرگە ئادەم كىرمەپتۇ دەپ كېتىپ قالىدۇ). ئەبۇ بەكرى بىلەن رەسۇلۇللاھ بۇ غاردا ئۈچ كۈن تۇرۇپ پاناھلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلارغا ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما تاماق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ...

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە سەئىدنىڭ قىزى قەتىيلە بىلەن ۋە ئۇممۇ رۇمان بىلەن توي قىلغان. قەتىيلەدىن ئوغلى ئابدۇللا بىلەن قىزى ئەسما تۇغۇلغان (ئەسما ئىسلامىيەتتىكى مەشھۇر ئاياللاردىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى غاردىكى چاغدا تاماق يەتكۈزۈپ بەرگەن)، ئۇممۇ رۇماندىن بولسا ئوغلى ئابدۇرەھمان بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇغۇلغان.

ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇمەيسنىڭ قىزى ئەسما بىلەن ۋە خارىجەنىڭ قىزى ھەبىبە بىلەن توي قىلغان. ھەمدە، ئەسمادىن ئوغلى مۇھەممەد تۇغۇلغان، ھەبىبە ئۇنىڭغا ئۇممۇ كۈلسۇمنى تۇغۇپ بەرگەن...

ۋاشىنگتون ئىيرفىنچ ئۆزىنىڭ «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: "ئەبۇ بەكرى كۆز قاراشلىرى توغرا، تەدبىرلىك، دانا كىشى بولۇپ، بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتلاردا ئىنتايىن ئېھتىياتچان ۋە مەسئۇلىيەتچان ئىدى، ئالىيجاناب ئىدى، نام-ئابروي قوغلاشمايتتى، ئۈزلۈكسىز ياخشىلىق قىلىپ تۇراتتى، ھاكىمىيىتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە مال-دۇنياغا بولغان تەمەخورلۇقنى يوشۇرمايتتى، بەلكى ئۇ مال-دۇنياغا قىزىقمايتتى، پەخىرلىنىشتىن يىراق ئىدى. ئۇ خەلىپە بولغان دەۋرىدە ئادەتتىكى بىر

ئەرەبنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يېتىدىغان نەرسىدىن باشقا ھەق ئالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ پەقەت بىر تۆگىسى ۋە بىر قۇلى بار ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ماللىرىنىمۇ ھەر جۈمە كۈنى مۇھتاج كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى...»

پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن، پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ خاتىمىسى — مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرىيىنىڭ 11-يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 13-كۈنى (مىلادى 632-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى) دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولدۇ.

ئەنسارىلار تېخى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەپنە ئىشلىرى بىر تەرەپ بولماي تۇرۇپلا، يېتەرلىك ئويلىنىپ كۆرمىگەن مۇھاجىرلار بىلەن خىلافەت(خەلىپە) مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئالدىرايدۇ. شۇ چاغدا، كېيىن ئۆتىدىغان، نوپۇزلۇق ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەپنە ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئەنسارىلاردىن سەئىد ئىبنى ئۇبادە خەلىپە بولۇشنى تەمە قىلىدۇ. ئۇ سەئادە جەمەتىنىڭ باشلىقى ۋە خەزرەج قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ، «ئەبۇ سابىت» دېگەن ئىسمى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئەنسارىلار سەئىد ئىبنى ئۇبادەنى خەلىپە قىلىش مەقسىتىدە سەقىيفە ئىبنى سائىدەنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كېلىشىدۇ ۋە ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلايدۇ:

«ئى ئەنسارىلار جامائەسى!! سىلەرنىڭ ئىسلام دىنىدا چوڭ ئورنۇڭلار بار! ئىسلامىيەتتىكى بۇ پەزىلەت باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز يۇرتىدا ئون نەچچە يىل تۇرغان ئىدى، ئۆز يۇرتىدىكىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، بۇتپەرەسلىكتىن يىراق بولۇشقا چاقىرغان ئىدى، لېكىن ئۇلاردىن پەقەت ئازغىنا ئادەم ئىمان ئېيتتى. ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى، دىنىنى، ھەتتا خارلانغان جانلىرىنى قوغداپ قېلىشقىمۇ كۈچى يەتمىدى. ئاللاھ سىلەرگە پەزىلەت، كارامەتلەرنى ئاتا قىلدى، كۆپلىگەن نېمەتلەرنى بەردى؛ يەنە سىلەرگە، ئۆزىگە ۋە ئەلچىسىگە ئىشىنىشنى، رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ دىنىنى قوغداپ ئەزىز قىلىشنى، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشنى مۇيەسسەر قىلىپ بەردى. سىلەر ئۇلار(مۇشرىكلار) بىلەن قاتتىق جەڭلەرنى قىلدىڭلار، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئەرەب ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى، ئاللاھ يىراق بىر زېمىننى ئۆزىنىڭ رەسۇلىغا سىلەر ئارقىلىق ئاتا قىلدى، سىلەرنىڭ قىلىچىڭلار ئارقىلىق بارلىق ئەرەبلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. ئاللاھ ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ سىلەردىن رازى بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ سىلەرنى بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق كۆرەتتى...»

سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئەنسارىلار ئۆزلىرىنى خەلىپە بولۇشقا ئەڭ لايىق دەپ تونۇشتى. ئەمما مۇھاجىرلار بىلەن بىرلىككە كېلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشالمىدى، بىر ئىشنىمۇ قارار قىلىشمىدى. ئەنسارىلار سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ سۆزلىرىنى توغرا دەپ ھېسابلىدى. بولۇپمۇ خەزرەج قەبىلىسى: «ئى ئىبنى ئۇبادە! مۇۋاپىق پىكىر بەردىڭ، توغرا سۆزلىدىڭ. سېنىڭ پىكرىڭگە قارشى چىقمايمىز. سېنى مۇشۇ ئىشقا ئىگە قىلىمىز، ساڭا ئىشىنىمىز...» دېيىشتى. مۇھاجىرلار بولسا مۇنۇلارنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى: «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغانلارمىز، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋۋالقى ساھابىلىرىمىز، بىز ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، ئۇنىڭ ۋەلىيلىرى!».

سەئىدنىڭ سۆزلىرى، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلار ئارىسىدىكى بۇ ئىختىلاپ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى سەقىيفەنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىشىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى دەيدۇ:

"ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز خەلقىگە ئەلچى قىلىپ، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يەككە-يېگانە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن شاھىد قىلىپ ئەۋەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلار باشقا ئىلاھلارغا قارغۇلارچە چوقۇنۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز ئىلاھلىرىنى شاپائەت قىلغۇچى، مەنپەئەت قىلغۇچى دەپ تونۇشاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىلاھلار تاش-ياغاچلاردىن ياسالغان ئۇيمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى". ئاندىن ئۇ بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ: **"ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، 'بۇلار(يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار' دېيىشىدۇ"** {سۈرە «يۇنۇس» (10-سۈرە)، 18-ئايەت}. **"'بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنىشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر' (دەيدۇ)** "{سۈرە «زۇمەر»(39-سۈرە)، 3-ئايەت}. ئۇ(ئەبۇ بەكرى) يەنە مۇنۇلارنى دەيدۇ: "ئاللاھ ئەرەبلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ناچار دىنلىرىنى يوق قىلىش ئارقىلىق ئەزىز قىلدى. مۇھاجىرلار — ئاللاھقا ئەۋۋەل ئىشەنگەن، ئەۋۋەل ئىمان ئېيتقان كىشىلەر. ئۇلار ئۆز قوۋمىنىڭ ئورغۇنلىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە چىدىدى. بارلىق كىشىلەر ئۇلارغا قارشى چىقتى. ئۇلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىدىن قورقمىدى. ئۇلار — ئاللاھنىڭ زېمىندىكى تۇنجى قېتىم ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىشەنگەن بەندىلىرى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىرى. مۇشۇ خىلافەت ئىشىغا ئۇلار ئەڭ لايىق. بۇنى ھېچبىر زالىم ئۇلاردىن ئېلىۋالالمايدۇ. ئى ئەنسارىلار جامائەسى!! ھېچقانداق كىشى مۇھاجىرلارنىڭ دىندىكى پەزىلەتلىرىنى، بۈيۈك ئورنىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. ئاللاھ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سىلەردىن رازى بولسۇن! سىلەرنىڭ ئاراڭلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئورغۇن ساھابىلىرى بار. بىز بولساق ئەمىرلەرمىز، سىلەر بولساڭلار ۋەزىرلەرسىلەر. سىلەر مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارماڭلار!..."

ئەنسارىلاردىن ھۇباب ئورنىدىن تۇرۇپ (ئۇ"ئەبۇ ئۆمەر" دەپ ئاتىلاتتى) مۇنۇلارنى دەيدۇ: "ئى ئەنسارىلار! سىلەر ئۆزلىرىڭلارنىڭ پادىشاھىنى ساقلاۋېرىڭلار! سىلەرنىڭ خەلىپە بولۇشىڭلارغا قىل سىغمايدۇ. باشقىلار سىلەرنىڭ كۆز قارىشىڭلارنى ھەرگىزمۇ بۇزالمايدۇ. سىلەر ھەققىي مېۋىنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىلەر! ئىختىلاپ قىلىپ كۆزقارىشىڭلارنى بۇزماڭلار! ...".

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھۇبابقا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئەنسارىلاردىن، مۇھاجىرلاردىن ئورغۇن كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن سۆزلىشىدۇ، زادىلا بىرلىككە كېلەلمەيدۇ...

دەل شۇ چاغدا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسىلىنى سوغۇق قانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئىككى كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "مانا بۇ ئۆمەر، بۇ ئەبۇ ئۇبەيدە! ئۇلاردىن قايسىنى تاللىساڭلار، شۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار! ". بۇنى ئاڭلاپ ئۇ ئىككىسى: "ياق!! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ ئىشقا ئىگە بولالمايمىز. سەن مۇھاجىرلارنىڭ تۇنجىسى. ئۆز ۋاقتىدا غاردا تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ بىرسى. سەن رەسۇلۇللاھنىڭ نامازدىكى ئورۇنباسارى. ناماز بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ ئىبادىتى. نامازغا سەندىنمۇ مۇناسىپ كىشى يوق. قولۇڭنى ياي، بەيئەت قىلايلى! " دېيىشىدۇ. ئۇلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقاندا، بەشىر ئىبنى سەئىد چىقىپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەيئەت قىلغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالىدۇ. ئەۋس قەبىلىسى بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بەيئەت قىلىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ بەيئەت قىلىشقا باشلايدۇ... ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا كىشىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كۆڭلەكچانلا چىقىدۇ...

ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەڭ ياخشى كىشى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ھەممە كىشى بەيئەت قىلىپ بولغاندىن چاغدا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: ’’ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! ئى كىشىلەر! مەن سىلەرگە ۋالىي قىلىندىم، ۋەھالەنكى، مەن ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئەمەس ئىدىم. ئەگەر مەن توغرا قىلسام ماڭا ئەگىشىڭلار، خاتا قىلسام تۈزىتىڭلار. راستچىللىق — ئامانەتتۇر، يالغانچىلىق — خىيانەتتۇر...ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلسام ماڭا بويسۇنۇڭلار، بولمىسا ئىتائەت قىلماڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن!!...‘‘.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئۇ شۇ دەۋردە «قۇرئان كەرىم»نى تۈنجى بولۇپ بىر مۇسھەپ قىلىپ چىقتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 142 ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىدى. مۇرتەدلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئىدى. كۆپلىگەن جايلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسلام دىنىنى جاھانغا تاراتقان ئىدى. ئۇ ئىمان ئېيتقان چاغدىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىمان ئۈستىدە بولدى. ئاللاھ يولىدا جاپا مۇشەققەتكە دۇچ كەلسىمۇ، بوشاشمىغان ئىدى. ھەتتا جېنىدىن، مېلىدىن كېچەلەيتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان. قىسقىسى، ئۇنىڭ قەلبى ئىمان نۇرىغا تويۇنغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەكلا 63 يېشىدا (مىلادىيە 634-يىلى ھىجرىيەنىڭ 13-يىلى جەمادىيۇل ئاخىرىنىڭ 22-كۈنى دۈشەنبە) ۋاپات بولدۇ. ئاللاھ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن(رازى بولدى)! ئۇنىڭ نامى قەلبلەردە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغۇسى!!...

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**بۇ رەھبەر نەزىرگە باغاق تارقاتماي، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا پۇل تارقاتتى**

ئائىلىدە مۇسىبەت بولغاندا يۈزلەپ، ھەتتا مىڭلاپ مېھمان چاقىرىپ نەزىر بېرىش، بىر جەمەتتىكى بارلىق تۇغقانلار ئۆيمۇ ئۆي زەنجىرسىمان نەزىر ئۆتكۈزۈش بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئادىتىدە بەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىسمائىل ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئامراق سىڭلىسىنىڭ نەزىرىسىگە ئاتىغان پۇلنى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا نەزىر-چىراغنى ئاددىي، جايىدا ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر جانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئىسمائىل ئىبراھىم ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، يېزا باشلىقى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ۋىلايەتلىك كۆمۈر بايلىقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەچكە، ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسىدىكى تونۇش-بىلىش، ئەل-ئاغىنىلىرىمۇ كۆپ ئىدى، باغاق تارقاتسا ئەلۋەتتە داغ-دۇغىلىق، كاتتا نەزىر ئۆتكۈزۈلەتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق قىلمىدى ھەم قېرىنداشلىرىنىمۇ نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش ھەققىدە خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىمۇ ئۆز ئالدىغا نەزىر ئۆتكۈزۈشتىن توستى ۋە نەزىرگە ئاتىغان 3500 يۈەننى ئېلىپ، تويۇق يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ياڭخې ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى 35 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرىگە 100 يۈەندىن تارقىتىپ بەردى.

(مۆمىنجان ئىبراھىم)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىجتىھاتلىق تۆھپىكار ئالىم — مۇھەممەد سالىھ داموللا



ئادىل تۇنىياز

1991-يىل 10-ئاي. ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قاھىرەدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋلۇدىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقئارالىق تەنتەنىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. ئىلمىي مۇھاكىمە خاراكتېرىنى ئالغان بۇ قىممەتلىك يىغىندا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن تاللانغان، خەلقئارادا ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان 10 ئالىم مىسىر زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەكنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، ھۇسنى مۇبارەكنىڭ ئۆز ئىمزاسى قويۇلغان تەبرىك شاھادەتنامىسىنى ئۆز قولىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، 1-دەرىجىلىك ئىلىم-پەن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلاندى. دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ تۆھپىكار ئالىملارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بەس-بەستە خەۋەر قىلىشتى. بۇ 10 ئالىم ئىچىدىكى تولىمۇ يىراق تەكلىماكان باغرىدىن كەلگەن، بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا، بەقەسەم تون كىيگەن بىر ئۇيغۇر گېزىت-ژۇرنال مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارەت قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى سەمەرىلىك نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز خەلقىنى خەلقئارالىق سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققان بۇ كىشى دىنشۇناس، قۇرئانشۇناس، تەتقىقاتچى ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللا ئىدى.

1992-يىل رامىزان ھېيتى. ماراكەش پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى راباتتىكى خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن رامىزان ھېيتى لېكسىيە ئوقۇش يىغىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن شاھلىق تۆشەك ئۈستىدە ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى، سول تەرىپىدە ماراكەشنىڭ ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلىرى، ئالدى تەرىپىدە بولسا مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان چەتئەللىك نوپۇزلۇق دىنىي ئالىملار ئولتۇراتتى. پادىشاھنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ھەر يىلى رامىزان ھېيتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىسلامىيەت ئىلمى تەتقىقاتىنى ئاساس قىلغان لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىغا پادىشاھ ھەسەن II شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. بۈگۈنكى لېكسىيە ئوقۇش نۆۋىتى جۇڭگودىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئالىم مۇھەممەد سالىھقا كەلگەنىدى. مۇھەممەد سالىھ ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەرەب تىلىدا يېزىپ تەييارلىغان «شىنجاڭدىكى مەسچىتلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئىسلام دەۋىتىدىكى رولى» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا ماقالىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىش ئاسانغا

چۈشمەيتتى. ئەمما مۇھەممەد سالىھنىڭ بۇنداق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىششى تۇنجى قېتىم ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئانچە قىينالماستىن، ماقالىنى كۆڭۈلگە پۈككەن پىلان بويىچە ئىخچاملاپ، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلىدى.

يىغىندىن كېيىن مۇھەممەد سالىھنى پادىشاھ ھەسەنII قوبۇل قىلدى. مۇھەممەد سالىھ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى، ئىسلام مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلام تەتقىقاتى ساھەسىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستالانى شەرھى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تەقدىم قىلدى. شۇ پۇرسەتتە مۇھەممەد سالىھ جۇڭگو-ماراكەش دوستلۇقىنى مەدھىيىلەپ ئەرەب تىلىدا يازغان قەسىدىسىنى پادىشاھقا سۇندى. كېيىن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ قەسىدىنى لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئېلىپ بېرىلغان داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتىدە دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بەردى. تەكلىماكان باغرىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلى بولمىغان، يەنە كېلىپ ئەڭ تەس تىل ھېسابلىنىدىغان ئەرەب تىلىدا يازغان بۇ پاساھەتلىك قەسىدىسىدىن يىغىن قاتناشچىلىرى ئىسلام تارىخىدا تۆھپىسى زور ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تارىختىكى سىماسىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى ۋە ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭراتتى... قەسىدە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ ھەسەنII بۇ ئالىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتىپ: ''قەسىدىنى ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىپسىز، خۇددى ئىبنى زەيدۇن(ئەرەبلەرنىڭ ئاتاقلىق كلاسسىك شائىرى)نىڭ شېئىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم'' دېدى. ماراكەشنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى، ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇلكەبىر ئەلەۋى: ''پادىشاھ ئالىيلىرى سىزنىڭ قەسىدىڭىزنى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. ئىلگىرى بىرەر ئەدىبنىڭ ئوقۇغان شېئىرىغا چاۋاك چالغان ئەمەس'' دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ماراكەشتە يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان رامىزان ئېيى لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىغا مۇھەممەد سالىھنى بىرەر قەسىدە يېزىپ ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇردى. ھەر يىلى ئۇنىڭ يىغىندا يېزىپ ئوقۇغان قەسىدىلىرى شۇ يىللىق لېكسىيە توپلىمىنىڭ ئالدىنقى بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

1998-يىل مۇھەممەد سالىھ رامىزان ئېيى لېكسىيە سۆزلەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ماراكەشكە ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەۋى ئۇنىڭغا: ''سىزگە خۇشخەۋەر، يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا پۈتۈن يىغىن قاتناشچىلىرى بولغان ئالىملارغا ۋاكالىتەن پادىشاھ ئالىيلىرى ھۇزۇرىدا خۇلاسە سۆزى قىلىشقا سىزنى تەيىنلىدۇق. بۇ چوڭ شەرەپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ئىشقا پەقەت ئەرەب ئالىملىرىلا تەكلىپ قىلىنغان. غەيرى ئەرەب ئالىملىرىدىن تۇنجى



بولۇپ سىز تەكلىپ قىلىندىڭىز'' دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد سالىھ پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. پادىشاھ ھەسەنII مۇھەممەد سالىھقا تارتۇقلاش يۈزىسىدىن، ماراكەشنىڭ ئادىتى بويىچە شاھنامە كۆلالىق تون بىلەن يەتتە قەۋەت لىباس كىيگۈزدى.

مۇھەممەد سالىھ 1936- يىلى ئاتۇشتىكى فازىل، تونۇلغان ئالىم سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سالىھ داموللا ھاجىم ئەينى زاماندا ئەرەب، پارىس ئەدەبىياتى بويىچە يېتىلگەن ئەدىب، ئىسلام دىنى ئىلمىدا توشقان كاتتا ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. پەننى مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن مۇھەممەد سالىھ دادىسىنىڭ تەسىرىدە كىچىكىدىنلا ئەتراپلىق دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىدى. 11 يېشىدىلا خەتمىدىن ئۆتۈپ، مۆرەتتەب قارى بولغاندىن كېيىن، ئەرەب، پارىس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى، كېيىنكى ئېغىر جاپالىق كۈنلەردىكى قىيىن شارائىت ۋە بېسىم ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە بۈيۈك غايە ئۈچۈن تىكلىگەن ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىدى. دادىسى سالىھ داموللا ھاجىم ئوغلىنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۇنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئۇنتۇلغۇسىز، ئىلھامبەخش ئىزلارنى قالدۇرغانىدى.

دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ئىلىم تۈرلىرىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بولغان مۇھەممەد سالىھ كېيىن بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدا بەش يىل ئوقۇدى. ئەينى چاغلاردا مىسىردىن ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان بەھىيۇددىن زەييانى، شەيخ ئابدۇللەتىف ھامىد سۇلايمان قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە، تەفسىر، ھەدىس، فىقھى، ئەقىدە، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى، ئىلمىي بالاغەت، ئىلمىي كالام، ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىق پەنلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەندى. 1960- يىلى كۈزدە مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى بويىچە پۈتۈن زېھنى بىلەن دىن تەتقىقات خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

«قۇرئان كەرىم» دۇنيادا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغۇاتقان شارائىتتا ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ يوقلۇقى زور بىر بوشلۇق ئىدى. ئۇنى تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى قۇرئاننى بىۋاسىتە چۈشىنىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلىم-پەن خادىملىرىنى قۇرئاننى تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ تەشنالىقىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد سالىھ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشنى نىيەت قىلىپ، خېلى بۇرۇندىن تارتىپ نوپۇزلۇق قۇرئان تەفسىرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى توپلاشقا كىرىشكەن ئىدى.

«قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش مۇرەككەپ بىر تەتقىقات جەريانى بولدى. مۇھەممەد سالىھ ھەر بىر ئايەتنى تەرجىمە قىلغاندا نوپۇزلۇق تەفسىر كىتابلىرىغا ۋە كلاسسىك ئەرەب تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى سېلىشتۇرۇلغان لۇغەت-قامۇسلارغا مۇراجىئەت قىلدى. ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش جەھەتتىمۇ، ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ھەر بىر سۆز ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدەندى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاھىدە ئورنىنى ۋە ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر بىر ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئەينەن تەرجىمە قىلدى. كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا جايلارغا قىستۇرما سۆز ۋە قىسقىچە ئىزاھاتلارنى بەردى. بۇ ئىزاھاتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىشەنچلىك قۇرئان تەفسىرلىرىدىن تاللاپ ئالدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر بىر مۆجىزە، ئۇلۇغ ئىشلار كىشىلەرنىڭ قان-تەر تۆكۈشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇھەممەد سالىھ كۆپ يىللار جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك قىلىپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىر

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى دەستۇرى بولغان«قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەلەپكە لايىق رەۋىشتە تەرجىمە قىلىپ چىقتى. قۇرئاننىڭ قىسقىچە تەفسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تەرجىمە پۈتۈپ نەشر قىلىنىش ئالدىدا، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بويىچە دىيارىمىزدا مۆتىۋەر ھېسابلانغان 15 نەپەر نوپۇزلۇق ئۆلىمانىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلدى. ئۆلىمالار تەرجىمىنى باشتىن- ئاخىر مۇتالىئە قىلىپ چىقىپ، بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ، ئالاھىدە تەھسىن ئوقۇپ، تەقرىز يېزىپ بەردى. بۇ تەرجىمە1986- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 200 مىڭ پارچە بېسىپ تارقىتىلدى. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ تەرجىمە نۇسخىسى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھدىنىڭ تەستىقلىشى ۋە ئەمرى بىلەن پادىشاھنىڭ قۇرئان بېسىش مەتبەئەسىدە بىر قانچە يۈز مىڭ پارچە بېسىلىپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە تارقىتىلدى. سەئۇدىدا بېسىلغان بۇ نۇسخا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئارقىلىق ئالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىمۇ خېلى نۇرغۇن تارقىتىلدى. (ئالىم ئىشلىگەن «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ سىلاۋيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى موسكۋادا نەچچە مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى).

مۇھەممەد سالىھ يەنە ھەدىس ئىلمىدىكى ئالتە ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان «سەھىھۇل بۇخارى»نى ۋە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

مەيلى قۇرئان ياكى ھەدىس بولسۇن، ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، تىلى بۈگۈندىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى ئەرەب بەدىئىي تىلىنى ئاساس قىلغان، پاساھەت-بالاغەتتى ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنى چۈشىنىش، ئەسلىگە سادىق بولغان ھالدا تەرجىمە قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئىستېداتلىق دىنىي ئالىم مۇھەممەد سالىھ ئۇزۇن يىل كىتابلار دېڭىزىدا ئۈزۈش، نۇرغۇن زېھنى قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە ئاخىر بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

ئۇلاردىن باشقا، ئۇ يازغان « ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ 29- ۋە 30- پارىلىرىنىڭ تەفسىرى»، ئىسلام ئېتىكىسىغا ئائىت 30 نەچچە تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « ‹قۇرئان كەرىم› ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما» ناملىق كىتاب ۋە ئوتتۇرا ھەجىملىك«ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» نەشردىن چىقىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ بۇ ئىستېداتلىق ئالىمنىڭ 20 يىللىق جاپالىق ئەجرى ۋە يۈرەك قېنىنىڭ مېۋىسى بولغان چوڭ ھەجىمدىكى«ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» 2002- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىقىپ، بۇ ساھەدىكى زور بوشلۇقنى تولدۇردى. يەنە «دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار» ناملىق كىتابىمۇ نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى.

مۇھەممەد سالىھنىڭ تەتقىقاتى دىنىي ئىلىملار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، تارىخ، تىل، مائارىپ ساھەلىرىگىمۇ چېتىلىدۇ.

مۇھەممەد سالىھ 1961- يىلدىن تارتىپ تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» كىتابىنى ئەرەبچە فاكسىمىل نۇسخىسى بىلەن باسما نۇسخىسىغا ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنىدى. 4 يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ نەشرگە سۇنۇش ئالدىدا"مەدەنىيەت ئىنقىلابى" باشلىنىپ، شۇ"ئىنقىلاب" قالايمىقانچىلىقىدا ئۇ تەرجىمە نۇسخا تالان-تاراج قىلىنىپ زايا بولۇپ كەتتى.

مۇھەممەد سالىھ يەنە ئۆزى يالغۇز ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا

www.uyghurkitap.com

«جامىئۇتتەۋارىخ»، «تەۋارىخ خەمسە»، «غازات دەرمۇلكى چىن»، «ئېھيائى ئۇلۇمىددىن»، «مەكتۇبات»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «سىررۇلمۇخلىس»، «زەپەرنامە»، «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە»، «تەۋارىخ جەدىدە»، «جەھدۇل مۇقىل» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئالىم مۇھەممەد سالىھ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە 27 يىل ئىشلەش جەريانىدا نۇرغۇن ئىجتىمائىي، ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرگە ۋە ماتېرىيال توپلاشقا قاتناشتى. جاپالىق ئىزدىنىپ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن قەدىمىي جايلار، تارىخىي يادىكارلىقلار، مازار-ماشايىخلار، مەسچىت-مەدرىسلەر قالمىدى. ئەينى چاغلاردىكى نامدار ئۆلىمالار، پېشقەدەم ۋەقەشۇناسلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇ يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن»، «ئۇلۇغ ئەدىب تەجەللىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا»، «رۇقەئاتى نەۋائى ھەققىدە»، «ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، «مازارپەرەسلىك ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى خۇسۇسىيەتلىرى»، «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى ئودغۇرمىش ئوبرازى توغرىسىدا»، «شىنجاڭنىڭ دىنى مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئۆتمۈشى»، «ئىسلام دىنى تارىخىدىكى خاۋارىجلار گۇرۇھى»، «شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا »، «شىنجاڭدىكى مازارلار توغرىسىدا»، «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ نەسەپنامىسى»، «ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-پەن»، «دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار»، «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. بۇ ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا، مەملىكەتلىك يىغىنلاردا ئوقۇلدى ۋە مەركەز ۋە يەرلىكتە چىقىدىغان«دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. مۇھەممەد سالىھ يەنە ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. «تەجدىد» ناملىق غەزەللەر دىۋانىنى، «تۇتىنامە»نى، چوڭ ھەجىملىك داستان «مۇھەببەتنامە»، ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ۋە دادىسى سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ بەزى سانلىرىدا ئېلان قىلدى.

مۇھەممەد سالىھ بىر تەرەپتىن جاپالىق ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن 1987- يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يارامىلىق دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ھاردىم-تالدىم دېمەي تەر تۆكتى. ئىنستىتۇتنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىكى خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە ئوقۇ-ئوقۇتۇش تۈرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، نازارەتچىلىك قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلىدى، دەرسلىكلەرنى تۈزدى، دەرسخانىغا كىرىپ بىۋاستە دەرس ئۆتتى.

ئىستېداتلىق ئالىمنىڭ قان-تەرى، ئەجرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇ ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدە جامائەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇلۇپلا قالماي، خەلقئارادىمۇ مۇئەييەن تەسىر ۋە ئابرويغا ئىگە بولدى. دۆلىتىمىز ئىسلام ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەركىبىدە كۇۋەيت، سۇدان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، ئىران، تۇنىس جۇمھۇرىيىتى، ئالجىرىيە دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى، سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، ماراكەش پادىشاھلىقى، ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدى ۋە

خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە، لېكسىيە ئوقۇش يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى.

مىسىر زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەك، ماراكەش پادىشاھى ھەسەنII، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھد، ئىراننىڭ داھىيسى خامانەئى ۋە سۇداننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نېمەلى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان چاغلاردا مەتبۇئاتتا ئالىمنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. مىسىردا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنىلىدا «ئېسىل مېھمان» ماۋزۇسىدا ئالىمنىڭ سۈرىتى، تەرجىمىھالى ۋە يىغىنغا ئاتاپ يازغان ئۇزۇن ئەرەبچە قەسىدىسى بېرىلدى. ئىراننىڭ نوپۇزلۇق گېزىتلىرىدە مۇھەممەد سالىھنىڭ ئىمام رىزانىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق چوڭ يىغىندا ئوقۇغان قەسىدىسى ئېلان قىلىندى.

كۇۋەيت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 40 مىنۇتلۇق "نور الإسلام" (ئىسلام نۇرى) پروگراممىسىدا مۇخبىرىنىڭ بۇ ئالىمنى زىيارەت قىلغان سوئال-جاۋاب خاراكتېرلىك زىيارىتى بېرىلدى. شۇنداقلا يىغىنىنىڭ كۈتۈۋېلىش سورۇنىدا ئوقۇغان ئەرەبچە شېئىرى كۇۋەيتنىڭ «جامائەت پىكرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. مۇھەممەد سالىھنىڭ سۇداندا كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدا ئوقۇغان ئەرەبچە شېئىرى سۇدان دىنىي مىنىستىرلىق ژۇرنىلىغا بېرىلدى. (1984-يىلى پاكىستان، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى خادىملىرى جۇڭگوغا كېلىپ ئىشلىگەن فىلىملەردە ئالىمنىڭ ئۆيىدە ۋە ئىشخانىسىدا بولۇپ، قۇرئان تەفسىرىنى ئىشلەشكە ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر مەزكۇر دۆلەتلەردە قويۇلۇپ، ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان).

مۇھەممەد سالىھ تونۇلغان ئالىم ۋە جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 8-، 9-، 10-نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزاسى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا يەنە جۇڭگو دىنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ دىنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت-تارىخ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇشتەك ئىلمىي سالاھىيىتى بىلەن بىر قاتار ئاممۇۋى، ئىلمىي تەشكىلاتلاردا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئالىمنىڭ نام-شەرىپى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالى «دۇنيا مەشھۇر كىشىلىرى»، «دۇنيا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلىرى»، «جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى»، «جۇڭگو ئىختىساسلىقلار ئامبىرى» قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق قامۇس، ئېنسىكلوپېدىيەلەرنىڭ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

بىر ئۆمۈر ئىلىمگە پەرۋانە بولۇپ ئەل ئىشقىدا كۆيگەن بۇ ئالىم ھازىر ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەندىن كېيىنمۇ يەنە كۆڭلىگە پۈككەن ئاجايىپ پىلانلىرى، يېڭى تەتقىقات تېمىلىرى ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدەنمەكتە. ھايات ئىزلىرىدىن تامغان دۇردانىلەر كەبى يازغان:

دىيارىم قەررزى زىممەمدە ئۆمۈرۋايەت ئادا بولماس،
ھېلىغۇ تەندىكى بىر جان تۇمەنمىڭ جان نىسار بولسا.
بىكاردۇر ئەلگە خىزمەتسىز بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ چاغنى،
تەبەسسۇم ئىلكىدە دەۋران سۈرۈپ مىڭ يىل يىلشار بولسا.
تەمەيىم يوق مۇكاپاتتىن پەقەت ئالەمچە بەختىمدۇر،
ئىشىم مەقبۇل بولۇپ دىللاردا نامىم يادلىنار بولسا.

دېگەن شېئىر مىسرالىرىدەك، ئەل قەلبىنىڭ ھۆرمەت-ئېھتىرام تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ ئالىمنىڭ قەلىمىگە قۇۋۋەت ۋە بەرىكەت ياغسۇن.

(ئاپتور: شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىدىن)

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# پەرزەنت تەربىيىلەش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتىدۇر

خېلىل ھۈسەن (قىرغىز)

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلارنى قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھەر دائىم ئويلاپ تۇرۇشى، ھەر قانداق ئىشنى نىشانلىق، مەقسەتلىك قىلىشى كېرەك. جۈملىدىن پەرزەنت تەربىيىلەشمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدا جاۋابقا تارتىلىدىغان مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر پەرزەنتنى ھېچقانداق تەربىيىلىمەيلا چوڭ قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئاتا-ئانا ھايۋانلاردىن ئانچە چوڭ پەرقلەنمىگەن بولىدۇ، چۈنكى ھايۋانمۇ بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ.

بالىلار ئاتا-ئانىلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ خەتەرلىك ئامانەتتۇر، ئاتا-ئانىلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتلەردىن جاۋابكاردۇر. بۇ ئامانەتلەرنى تولۇق ئادا قىلغانلار مۇكاپاتقا ئېرىشكەندەك، زايا قىلغۇچىلارمۇ ئاللاھنىڭ ئېغىر جازاسىغا تارتىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئاتا-ئانىلارنى بۇ ئامانەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ: **"ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار..."** {سۈرە «تەھرىم» (66-سۈرە)، 6-ئايەت} دېگەن. ئۆزىمىز ۋە بالا-چاقىمىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاشنىڭ بىردىنبىر چارىسى بالىلارغا كىچىكىدىنلا ئىمان-ئىسلام، قانۇن-سىياسەت، ياخشى-يامان، ھالال-ھاراملارنى بىلدۈرۈپ، ئۈستىمىزدىكى بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىزدىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: **"ھەممىڭلار پادىچىسىلەر، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پادىلىرىغا مەسئۇلدۇر"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى) دېمەك، ھەر قانداق ئاتا-ئانا ئۆيىدىكى بالىلىرىغا، خۇددى پادىچى پادىلىرىغا مەسئۇل بولغاندەك مەسئۇلدۇر. پادىلارنى يوقىتىۋەتكەن پادىچى جازاغا تارتىلغاندەك، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلىمەي، ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا-ئانىلارمۇ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ كېلەچىكىگە جاۋابكاردۇر. بالىلارنىڭ جەمئىيەتكە پايدىلىق، ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك، ياخشى پەزىلەتلىك ئىنسان بولۇپ يېتىلىشى ئاتا-ئانىلارنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئەسكى بولۇپ چىقىشىمۇ ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە باغلىقتۇر. ئائىلە ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى ئاتا-ئانىلاردۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەر قانداق بالا ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خرىستىئان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي (ئاتەشپەرەس) قىلىدۇ"** (ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايىتى). ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك تەربىيىسىگە

مەسئۇلدۇر. بىرىنچى، بالىلارنى ئىمانلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشقا مەسئۇل. ئىككىنچى، بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشقا مەسئۇل. ئۈچىنچى، بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە مەسئۇل. تۆتىنچى، بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە مەسئۇل.

بالىلارنى ئىمانلىق قىلىپ تەربىيىلەش دېگىنىمىز: بالىلار ئەقىل-ئىدراكقا ئىگە بولغاندىن باشلاپلا ئۇلارغا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى توغرا ئاساستا ئۆگىتىپ قەلبىگە ئورنىتىش، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىشلارغا كۆندۈرۈش، مەنئىي قىلغان بارلىق ئىشلاردىن ئۇلارنى يىراقلاشتۇرۇش دېمەكتۇر. بالىلارنىڭ پاك قەلبلىرى ۋە تازا تىللىرى ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ۋە تەۋھىد(ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش) بىلەن بېزەلسە، كېيىنمۇ ئۇلار چوڭ بولغانلىرىدا ئۆز ئىشلىرىنى تىلى ۋە دىلى ئېچىلغان ئىمان بىلەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەت يولىدا داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنداقلا بالىلارنى كىچىكىدىن پەيغەمبەرگە ئىخلاس قىلىشقا ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقىقىي ئىتائەتچان، ۋەتەنپەرۋەر، خالىس مۇسۇلمان قىلىپ چىقىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئىخلاس قىلغان كىشى ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، مەنئىي قىلغانلىرىدىن يانىدۇ، مانا بۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمانلىق بولۇپ يېتىلگەن بالىلار ھەر ئىشتا ئىتائەتچان بولىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كىشى ئاتا-ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشنى ئاللاھنى رەنجىتكەنلىك دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە ئاتا-ئانىسى رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئىككى ئالەمدە بەختلىك بولىدۇ.

ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش دېگىنىمىز: بالىلارنى كىچىكىدىن ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ۋە ۋىجدانلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش دېگەنلىكتۇر. ئەخلاق، پەزىلەت ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىدۇر"** (تىرمىزى رىۋايىتى) دېگەن. دېمەك، ئەخلاقنىڭ كامىللىقى ئىماننىڭ كامىللىقىدىن، ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىبادەتلەر ئۇنى قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولسا، گۈزەل ئەخلاق كۆپىنچە باشقىلارغا پايدىلىقتۇر. بىر كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سەۋەبىدىن ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتلىنىدۇ. ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك بولۇپ تەربىيىلەنگەن بالىلار ئاتا-ئانىسىغا ۋە باشقىلارغا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقلىرىنى ئايىمايدۇ، ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلىدۇ.

ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەش دېگىنىمىز: بالىلارغا كىچىكىدىن شەرىئەت ئىلىملىرى، پەن-مەدەنىيەت، قانۇن-ئىنتىزام ۋە ھەر خىل پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگىتىپ، پىكىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنى كېلەچەكتە جەمئىيەتكە پايدىلىق، ئىلمىي ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. شۇڭا بالىلارنى كىچىكىدىن ئوقۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ھەر ياخشىلىقنىڭ بېشىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقىمۇ كىشىلەرنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلىقمۇ ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ. تارىختىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم» دىن دەسلەپكى كەلگەن ۋەھيى **"ئوقۇغىن"** دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغان. بىلىم قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتىدۇ، تۈرلۈك كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، بىلىملىك زاتلار ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: **"بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟..."** {سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 9-ئايەت} دەيدۇ. بۇ ھەقتىكى ئوقۇش- ئۆگىنىش دىنىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق پۈتۈن ئىلىم-پەنلەرگە قارىتىلغان. جەننەتكە ئېرىشىشمۇ ئىلىم بىلەن بولىدۇ. بۇ

(ئاخىرى 9- بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى توغرىسىدا

ئابدۇللا مامۇت

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: 'ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن' دېگىن**" {سۈرە «بەنى ئىسرائىل»(17-سۈرە)، 23-، 24-ئايەت}. بۇ ھەقتە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: 'يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا(يەنى ھۆرمەتلىشىمگە) ئەڭ لايىق ئادەم كىم؟' دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: '**ئاناڭ**' دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: 'ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟' دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: '**يەنە ئاناڭ**' دەپ جاۋاب بەرگەن، ئۇ ئادەم: 'ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟' دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ يەنە: '**ئاناڭ**' دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: 'ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟' دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ تۆتىنچى قېتىمدا: '**ئۇنىڭدىن قالسا ئاتاڭ**' " دەپ جاۋاب بەرگەن(ئىمام بۇخارى رىۋايىتى). دېمەك بىز يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى، قەدىرلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىر ساھابە رەسۇلۇللاھتىن: "قايسى ئىبادەت ئەڭ ئۇلۇغ؟" دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: "**نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تەئدىل ئەركانلىرى بىلەن تولۇق ئوقۇش**" دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ساھابە: "ئاندىن قالسىچۇ؟" دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: "**ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش**" دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە دىيارىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بەزى بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى، ھۆرمەت ۋە ساداقىتى كۈندىن-كۈنگە سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشى لازىم ئىدى. ھازىرچۇ؟ بىر قىسىم بالىلار ئۇنداق قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇلارغا پۈتۈن ئېغىرچىلىقنى سېلىپ قىيناۋاتىدۇ. ئۆيلەپ قويسا ئايالىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىنى ھاقارەتلەيدىغان، ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ كۆچۈپ كېتىدىغان، مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن تونۇش-بىلىشلىرى ئالدىدا ئاتا-ئانىسىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇلارنى "ئاتا-ئانا" دەپ ئاتاشتىن "خىجىل" بولىدىغان، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان بالىلارمۇ خېلىلا كۆپ. يەنە ئاتا-ئانىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىززەت-ئابرويىنى ساقلىماي، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە كەمچىلىكىنى تېپىۋالسا تالاغا يايىدىغان، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بولمىغۇر ئىشلارنى ئەيمەنمەي قىلىۋېرىدىغان، ھەتتا ئۇلارغا "بۇلار ئەجەبمۇ ئۆلمىدى" دەپ بەددۇئا قىلىدىغان، نادان، ئەخلاقسىز بالىلار كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. بالىلىرى قاقشاتقان، ھەتتا ئۆلۈمى تىلەنگەن ئاشۇ ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان ئەمەسمىدى؟ بالىلىرى نېمە دېسە ئۇناپ، ئۇلار

ئۇچۇن بارلىقىنى قۇربان قىلىپ نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن ئەمەسمىدى؟ بالىلىرى ئۇلار ئۇچۇن قىنى قانچىلىك بەدەل تۆلەپ، قانچىلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ كېتەلىدى؟ ئەكسىچە ئۇلارنى ئاتا-ئانا بولغىنىغا تويغۇزۇۋاتامدۇ؟! بىز بۇلارنى ئويلىشىمىز، ئاتا-ئانىلارنى قاقشاتماستىن، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۇلارنى رازى قىلىپ ئۇلارنىڭ بەرىكەت دۇئاسىنى ئېلىشىمىز لازىم. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ: "مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەت" (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى) دەپ تەلىم بەرگەن. رەسۇلۇللاھ يەنە: "ئاللاھنىڭ رازى بولۇشى ئاتا-ئانىنىڭ رازى بولۇشىدا، ئاللاھنىڭ نارازى بولۇشى ئاتا-ئانىنىڭ نارازى بولۇشىدا" (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى) دەپ تەلىم بەرگەن. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: "جەننەت ئانىلارنىڭ ئىككى ئايىغى ئاستىدا" (ئىمام نەسائى رىۋايىتى) دېگەن. شۇڭا بىز بالىلار ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنى تولۇق تونۇپ، خاتالىقىمىزنى تۈزىتىپ، ئۆز بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلىشىمىز، ئۇلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببەت، ھۆرمەت، ساداقەتلىرىمىزنى ماددىي-مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق يەتكۈزۈپ تۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004-يىللىق سانلىرىغا ۋە 2003-يىللىق توپلىمىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، 1996-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيانقى يەتتە يىلدىن بېرى كەڭ جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مۇشتەرىلىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ باردى. شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى كۈچەيتىش، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ، خەلقىمىز ئىچىدە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى. شۇڭا ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەزمۇن سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ مول ۋە كۆركەم قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشىۋاتىمىز.

مەزكۇر ژۇرنال ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ بېشىدا نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ. 2004-يىللىق سانلىرىنىڭ تاق باھاسى تۆت يۈەن، يىللىق باھاسى 16 يۈەن. ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003-يىللىق توپلىمى 12-ئاينىڭ بېشىدا توپلىنىپ 4-سان بىلەن بىللە تارقىتىلىدۇ، باھاسى 25 يۈەن.

ژۇرنىلىمىز پوچتىخانا، شىنخۇا كىتابخانىلىرى قاتارلىق تارقىتىش بىلەن بىۋاستە تارقىتىشنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ. پوچتا قاتارلىق مۇشتەرى بولغۇچىلار مەملىكەت بويىچە گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش توپلىمىدىكى ژۇرنىلىمىز پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 58—167 بويىچە ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى بولسا بولىدۇ. بىۋاستە مۇشتەرى بولغۇچىلار شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى تارقىتىش پونكىتى ۋە جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش ئورۇنلىرىغا ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ.

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىپ، 12-ئاينىڭ ئاخىرى ئاياغلىشىدۇ. 100 دىن ئارتۇق ژۇرنالغا، 30 دىن ئارتۇق توپلامغا يىللىق مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا 20 پىرسەنت، 500 دىن ئارتۇق ژۇرنالغا، 125 تىن ئارتۇق توپلامغا مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا 23 پىرسەنت، 1000 دىن ئارتۇق ژۇرنالغا، 250 تىن ئارتۇق توپلامغا مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا 25 پىرسەنت ئېتىبار قىلىنىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلار ۋە مۇشتەرى توپلىغۇچىلار يىل ئاخىرىغىچە پۇلنى يوللاپ بولۇشى كېرەك، پۇل كېلىپ بولغاندىن كېيىن مۇشتەرىلەر سانىغا قاراپ ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەنئەنىلىرىگە بىر نەزەر



خېي باۋشۇ  لىۇ خۇڭجۇن

2002-يىل 11-ئايدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە تۇنجى سارس كېسىلى بايقالغاندىن بۇيان مەركەز رەھبەرلىرىدىن ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە كىشى بۇ ئىشقا دىققەت نەزىرىنى تاشلاپ، ”بالدۇر بايقاش، بالدۇر مەلۇم قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاش “ چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گوۋۇيۈەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەخسۇس سارس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلدى. مەركەز 2 مىليارت يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش فوندى تەسىس قىلىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى .

كەڭ خەلق ئاممىسى ساپ، پاكىز تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئەسلىدە ئادەمنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى سارس كېسىلىگە قارشى كۈرەش جەريانىدىلا تېخىمۇ ھېس قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارىختا يۈز بەرگەن ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق، تەن ساغلاملىقنى ساقلاشقا دائىر پايدىلىق تەجرىبە ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش ـــ سارس كېسىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ساغلام بولغان مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىزگە پايدىلىق .

ئىسلام دىنى كىشىلەرگە پاكىزلىق، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلىم قىلىدۇ . «قۇرئان كەرىم»دە :**”روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ .نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ** ”{سۈرە«شەمس»(91-سۈرە)، 9 -، 10- ئايەت}دەپ ئۆزىنى پاك تۇتۇش بىلەن ناپاك تۇتۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاقىۋىتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

پاكىزلىقنى سۆيۈش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ئەزەلدىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى . مۇسۇلمانلار بۇرۇنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈشنى تونۇپ يەتكەن . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:” بىرەر جايدا ۋابا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە بارماڭلار، ئەگەر سىلەر تۇرۇۋاتقان جايدا ۋابا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قېچىش يۈزىسىدىن ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار“ دېگەن. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرگە ۋابا كېسىلىگە يولۇققان ۋاقىتتا، ئايرىۋېتىش تەدبىرىنى قوللىنىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرغانلىقىدۇر.

ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە، ئۇنىڭ بىر گېنېرالى شام (ھازىرقى سۈرىيە) نىڭ مەلۇم جايىغا ھەربىي يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ ،ئالدىن چارلاشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. چارلاشقا ئەۋەتكەنلەر قايتىپ كېلىپ:” ئۇ جايدا ھازىر ۋابا كېسىلى تارقىلىۋېتىپتۇ “ دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ . ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈش پىلانىنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇسۇلمان لەشكەرلىرىنى كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىپ، ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۆمەر ئىبنى

خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : "يۇقۇملۇق كېسەللىكە گىرىپتار بولغان كىشىنى ھەرگىز سالامەت كىشىلەر ئارىسىغا باشلاپ كىرمەڭلار" دېگەن .


ئايرىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى ئۈنۈملۈك شەكىلدۇر . ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەل بولغان تازىلىق تۈزۈمى بولسا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ .

مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىقى شەخس تازىلىق، مۇھىت تازىلىقى، يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى، يۈرۈش-تۇرۇش تازىلىقى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ بىر يۈرۈش تازىلىق تۈزۈمىنىڭ كۈچلۈك ھاياتى كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەمەل-ئىبادىتىنىڭ بۇ تۈزۈملەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدىندۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : "پاكلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر"، " ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان " دەپ كۆرسەتكەن .

ناماز — ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ بىلەن ئىلاھىي دوستلۇق ئورنىتىشتىكى ئەڭ ياخشى شەكىلدۇر." بەدىنى پاكىز بولۇش، كىيىم - كېچەكلىرى پاكىز بولۇش، ناماز ئوقۇيدىغان جايى پاكىز بولۇش " نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدۇر .

بەدەن پاكىز بولۇش: ناماز ئالدىدا بەجا كەلتۈرۈلىدىغان غۇسۇل ۋە تاھارەت— مۇسۇلمانلارنى ئىچى پاك، تېشى پاكىز كىشىلەردىن قىلىپ چېنىقتۇرۇپ، پاكىزلىق ۋە تازىلىقنى سۆيىدىغان ياخشى ئادەتكە ئادەتلەندۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: " **ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار( يەنى غۇسۇل قىلىڭلار)"** {سۈرە«مائىدە»(5-سۈرە)، 6-ئايەت} دېگەن . بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، مەنىي ئېقىش، ئېھتىلام بولۇش، ھەيز كۆرۈش، تۇغۇش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە چوقۇم بويىنى سۇغا سېلىپ غۇسۇل قىلىپ يۇيۇنۇش كېرەك .

غۇسۇلنىڭ پايدىسى ئىنتايىن كۆپ . داڭلىق خىزىۋ ئالىمى پروفېسسور ماجىيەن بۇ ھەقتە توختىلىپ: "غۇسلى پۈتۈن بەدەندىكى كىرلەرنى چىقىرىپ، تېرىنى پاكىزلايدۇ. پۈتۈن بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنى تولۇق ئېچىپ، تېرىنىڭ تەر چىقىرىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ . شۇڭا، غۇسۇلى



قىلغاندىن كېيىن، قان ئايلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھارغىنلىق چىقىپ، روھ ئۇرغۇيدۇ . ئادەتتە نادان، بىلىمسىز كىشىلەر پاكىزلىق، تازىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ-دە، ئۆمرىدە يۇيۇنمايدۇ؛ ئادەتتىكى بىلىملىك كىشىلەر پاكىزلىق، تازىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ ، بىخەستەلىك ۋە ھورۇنلۇق تۈپەيلىدىن دائىم بىر نەچچە ئايدا بىر قېتىم يۇيۇنىدۇ. ئىسلام دىنى پاكىزلىق، تازىلىقنى تەكىتلەپ،غۇسلىنى شەرىئەتتە پەرز قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭغا ئەر-ئايال، ياش-قېرى، باي-گاداي، بىلىمسىز-بىلىملىكلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك رىئايە قىلىشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا مۇسۇلمانلار ئامىمىسى ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە تازىلىق، پاكىزلىقنىڭ پايدىسىغا ئېرىشەلەيدۇ" دېگەن .

تاھارەت— غۇسۇل تاھارىتى بار كىشىلەر، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش، يەل قويۇۋېتىش، يىرىڭ ئېقىش، قان چىقىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بەرگەن ئەھۋالدا قىلىشقا تېگىشلىك تازىلىق

رەسىم-قائىدىسىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇدا تاھارەت ئالماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن قولنى ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ، ئاندىن ئېغىزنى ئۈچ قېتىم چايقاپ، بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ ''مىژ-مىژ'' قىلىدۇ، ئۇندىن كېيىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم، ئوڭ قولنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم، سول قولنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، بېشىغا مەسىھى قىلىدۇ، ئاخىرىدا ئوڭ پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم، سول پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن: ''مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن'' دەيدۇ.

پەقەت تازىلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ تاھارەتنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. قول، باش، يۈز ۋە پۇت-قوللارنىڭ ناھايىتى ئاسان بۇلغىنىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، سۈرە-ئايەتلەردە بۇ ئەزالارنى يۇيۇش پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇنىڭ ئىلمىي داۋلىسىنى سۆزلىمىسىمۇ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمدۇر. ھەرخىل سۈننەتلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەھمىيىتى بار. بىرىنچىدىن، ئېغىزنى چايقىغاندا، ئېغىز بوشلۇقى تازىلىنىپ، ئېغىز پۇراشنى يوق قىلىپ، بوغۇز ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، چىشنى چوتكىلىغاندا، چىش مىلىكى ياللۇغلىنىش، چىشنى قۇرت يېيىش قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەنلا قالماستىن، چىشنىڭ بالدۇر چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: ''سىلەر چىشىڭلارنى چوتكىلاڭلار، چىشنى چوتكىلاش ئارقىلىق ھەم ئېغىزنى پاكىزلىغىلى، ھەم ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ'' دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چىشنى چوتكىلاش سۈننەت قاتارىدا ئىسلامىيەت جەمئىيىتىگە كەڭ تارقىلىپ، كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان ھەمدە يېقىنقى زامان مەدەنىي جەمئىيىتىنىڭ تازىلىق ئادىتى بولۇپ قالغان. ئۈچىنچىدىن، بۇرنىغا سۇ ئېلىش بولسا ئوڭ قولغا پاكىز سۇ ئېلىپ، بۇرۇن بوشلۇقىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، كۆچەپ سۇنى ماڭقا بىلەن بىرلىكتە''مىژ-مىژ'' قىلىپ چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئوخشاشلا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق، بۇرۇن تۈشۈكىدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاپ، كېسەل مىكروپلىرىنىڭ نەپەس يولى ئارقىلىق ئۆپكىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. يەنە بىر سۈننەت بولسا ئىستىنجا قىلىش بولۇپ، پاكىز ئېقىتما سۇ بىلەن ئالدى-ئارقا پېشابىنى يۇيۇپ، ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق بوۋاسىر، ئاقما يارا قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئالدى-ئارقا پېشابىنى پاكىز ئېقىتما سۇ بىلەن يۇيۇش ئۇنى تۇرغۇن سۇ بىلەن ۋاننىدا ئولتۇرۇپ يۇيغانغا ئوخشىمايدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارغا خاس ئالاھىدە پاكىز بولغان يۇيۇنۇش ئۇسۇلىدۇر. دوكتور شىر ئۆزىنىڭ «كېسەللىك ئىلمى» دېگەن كىتابىدا: ''سالامەت كىشىلەرنىڭ سۈيدۈكىدىمۇ ھەرخىل باكتېرىيىدىن باشقا يەنە خىمىيىلىك ماددىلار بولىدۇ. ھەر بىر گرام گەندە تەركىبىدە ساناقسىز ئادەتتىكى باكتېرىيە بولۇشتىن سىرت، يەنە مىليونلىغان باكتېرىيە ھۈجەيرىلىرى بولىدۇ. مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى بۇ باكتېرىيىلەرنىڭ نەچچە قات تازىلىق قەغىزىنى تېشىپ قولغىچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى'' دەپ كۆرسەتكەن. ئالدى-ئارقا پېشابتىكى كىرلەرنى پاكىز ئېقىتما سۇدا يۇيۇش ئۇسۇلى بولسا بۇ ئورۇنلاردىكى كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنى يوق قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىدۇر. ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمى بۇ خىل پاكىز ئېقىتما سۇ بىلەن يۇيۇنۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمى، پاكىزلىقىنى ئىسپاتلىدى.

يۇقىرىدىكىدىن باشقا، شەخسىي تازىلىققا

ئېتىبار بېرىش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلىرىدە مۇسۇلمانلاردا يەنە نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەنئەنىلەر بار.

كىيىم-كېچەك پاك بولۇشمۇ نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە: **"ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار"** {سۈرە «ئەئراف»(7-سۈرە)، 31-ئايەت}، **"كىيىمىڭنى پاك تۇت"** {سۈرە«مۇددەسسىر»(74-سۈرە)، 4-ئايەت} دېيىلگەن. كىشىلەرنىڭ سىرتقى قىياپەت، تەققى-تۇرقىغا دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنغان ھەدىسلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەينەت كىيىم كىيىۋالغان بىر كىشىنى ئۇچراتقىنىدا: "بۇ كىشىنىڭ يۇيۇش ئەسۋابى يوقمىدۇ؟" دەپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ يۈرۈشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىدىن بېشارەت بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە سۆيدۈك ئىشتانغا تېگىپ كەتسە چوقۇم ئىشتاننى يۇيۇش كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئاخىرەتتە سورىقى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شەرىئەتتە يەنە ئىت قاتارلىق ھايۋانلار كىيىمگە سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتسە كىيىمنى يۇيۇش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن.

ناماز ئوقۇيدىغان جاي پاكىز بولۇشمۇ نامازنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىنىڭ بىرى. شۇنداقلا، ئىسلام دىنى" يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان جايى" دېگەننى ھەر ۋاقىت تەكىتلەش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى كۈچەيتىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. مۇھىت تازىلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "سىلەر ھويلا ئاراملىرىڭلارنى تازىلاپ ئولتۇرۇڭلار"، "سىلەر ئۈچ خىل يامان ئىشتىن، يەنى: سۇغا، دەرەخ سايىسىغا، پىيادىلەر يولىغا تەرەت قىلىشتىن ھوشيار بولۇڭلار" دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە ئاممىۋى سورۇندا قالايمىقان تۈكۈرۈشنى مەنئىي قىلىپ: "نامازخانىدا تۈكۈرۈش گۇناھى كەبىردۇر" دەپ كۆرسەتكەن. بىراق، بەزى ئاممىۋى سورۇنلاردا يەنىلا قالايمىقان تۈكۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچرىتالايمىز. ھازىرقى تەتقىقاتنىڭ نامايان قىلىشىچە، سارىس كېسىلىنىڭ پاتوگېنى بىر يۇتۇم تۈكۈرۈكتە 38سائەت تىرىك تۇرالايدىكەن. بۇنىڭدىن ئاممىۋى سورۇنلاردا قالايمىقان تۈكۈرۈشنىڭ نەقەدەر چوڭ خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەرنىڭ تەلىماتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق، تازىلىق ئادىتى بويىچە، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىشلىرىدىن باشلاپ پاكىزلىققا، دېزىنفېكسىيە قىلىشقا، شەخس تازىلىققا دىققەت قىلىپ، سارىس باكتېرىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، سارىسنىڭ تارقىلىش يولىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتقاندىلا، سارىس كېسىلىنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇپ قالالايدۇ. مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىردەك مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى، جۈملىدىن ئۆي، ھويلا، كوچىلارنى ھەر كۈنى تازىلاپ، ئەخلەتلەرنىڭ دۆۋىلىنىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. ھەر بىر مۇسۇلمان — ئۇ مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ھەممىسى روھى ھالەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، سالامەتلىككە زىيانلىق ئورۇن، ئىش-كۈش، يېمەك-ئىچمەكلەردىن ئامال بار ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى كېرەك. ئەگەر كېسەل بولۇپ قالسا، تەمتىرەپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالماي، ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىشى، كېسەلنى كېچىكتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. "مەھەللىۋى ئۇسۇل" بىلەن ياكى خۇراپىي ئۇسۇل بىلەن، مەسىلەن: ئىسرىق سېلىش، پال ئاچقۇزۇش، داخانغا ئوقۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن سەۋەب قىلىپ، كېسەلنىڭ داۋالىنىشىنى ئارقىغا سۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىسلام دىنى يولغا قويغان يەرلىككە دەپنە قىلىش، ئاددىي-ساددا

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com


دەپنە قىلىش، تېز دەپنە قىلىش تۈزۈمىنىڭمۇ مۇھىت تازىلىقىنى قوغداشتا ئاكتىپ رولى بار .

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانلار يېمەك-ئىچمەكنى تاللايدۇ. بۇنىڭ پەقەت دىنىي ئەھمىيىتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاللاھ يولىنى تۇتۇشى ئۈچۈنمۇ ئەھمىيىتى بار. كونىلاردا " كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ" دېگەن گەپ بار. ئىسلام دىنى ئىسىل يېمەكلىكلەرنى يېيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. پاكىز يۇيۇلمىغان يېمەكلىكلەرنى، كېسەلدىن ئۆلگەن، يىقىلىپ ئۆلگەن، سوقۇلۇپ ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ھەمدە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشىنى يېيىشنى؛ تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ يەپ ئىچىش قاتارلىقلارنى مەنئىي قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە : **"ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ(بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى"** {سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 173-ئايەت} دەپ كۆرسەتكەن. چوشقا گۆشىگە ئوخشايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشنى چەكلەشنىڭ مەقسىتى مەينەت ۋە زىياندىن پەرھىز قىلىشتۇر . مۇسۇلمانلار كالا، قوي، توخۇ، ئۆردەكنىڭ قېنىنىمۇ يېمەيدۇ. مېدىتسىنا ئىلمى بۇرۇنلا بەزى جانلىقلارنىڭ كېسەللىك باكتېرىيىسى، ۋىرۇسلىرىنى ئۇلارنىڭ قېنى ئارقىلىق تېپىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر دوختۇرغا كۆرۈنسە ئالدى بىلەن قېنىنى تەكشۈرىدۇ. قاننى يېيىشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ شەرىئەتتە ھارام قىلىنغاندۇر. ئىسلام دىنىدا ئىنسانلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيانلىقى بولغان ئىش ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر؛ ئىنسانلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان ئىش ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولسا بۇمۇ شەرىئەتتە ھارام قىلىنغاندۇر .

تازىلىقنى تەكىتلەش ئاسانراق، تازىلىقنى بەجا كەلتۈرمەك بولسا تولىمۇ تەس . ئىسلام دىنىنىڭ بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى شەكىللەنگەن پاكىزلىق، تازىلىق ئەندىزىسى ناھايىتى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە . كىشىلەر ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىدىغان قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن بۇنداق پاكىزلىق، تازىلىق ئەندىزىسىنى ئادەتتىكى پاكىزلىق، تازىلىق چاقىرىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ ئۇزاقلىققا ۋە مۇقىملىققا ئىگە .

سارىس كېسىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش جەريانىدا، كىشىلەر ئۆزىنىڭ تازىلىق ئادىتىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، شەخسىي تازىلىق، مۇھىت تازىلىقى، يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىنى ياخشىلاپ، بارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىگىنى يېتىلدۈرگۈسى . بۇ جەھەتتە بىپەرۋالىق قىلماسلىق، شۇنداقلا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىك لازىم. ساغلام تۇرمۇش ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن كېلىدۇ . ئىلمگە ھۆرمەت قىلىپ، مۇداپىئە كۆرۈشنى كۈچەيتىپ، كېسەللەرگە ئىلھام بېرىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق سارىس كېسىلىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، سارىس كېسىلىگە تاقابىل تۇرۇش جېڭى ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ(جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ) بىرلىكتە تىرىشىشى ئارقىسىدا چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق، تازىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئاساسلىنىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساغلام مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، تەن ساغلاملىقىمىزنى ساقلاپ، دۆلەت، جەمئىيەت، مىللەت ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشايلى .

( تەرجىمە قىلغۇچى: بارات رەجەپ ؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى )



# ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكەت يولى
# ئەيدىز كېسىلى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئۆمەر ئادىل ئابدۇرېھىم

ئەيدىز كېسىلى پۈتكۈل يەر شارى كۆز تىككۈاتقان ئاپەت خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالماقتا. ئالىملار بۇ كېسەلنى مۇشۇ ئەسىردىكى "ۋابا"، دەرىجىدىن تاشقىرى جان ئالغۇچى دەپ باھا بېرىشتى. ئەيدىز كېسىلىنىڭ قىسقارتىلغان ئىنگلىزچە ئاتىلىشى AIDS بولۇپ، شۇ تەلەپپۇزغا ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ "ئەيدىز" دەپ ئاتالماقتا.

ئەيدىز كېسىلى 1980- يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەڭ دەسلەپ ئامېرىكىدا بايقالغان. شۇنىڭدىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ سەل قارىشى نەتىجىسىدە 190 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندا 13 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەن. قورقۇنچلۇق يېرى شۇكى، ھازىر ئەيدىز كېسىلى دۇنيادا كۈنىگە ئون مىڭلاپ كىشى يۇقۇملىنىشتەك تېز سۈرئەت بىلەن تارقالماقتا. دۆلىتىمىز جۇڭگودا بولسا، ئەيدىز كېسىلى 1985- يىلى يۇنەن ئۆلكىسىدىن تۇنجى قېتىم بايقالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىش نەتىجىسىدە شىنجاڭدىمۇ 1995- يىلى بۇ ئىپلاس كېسەلنىڭ ۋىرۇسى ئېنىقلاندى. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشى شىنجاڭدا تېخىمۇ تېز بولۇپ، ھازىر مەملىكەت بويىچە 2-ئورۇندا تۇرىدىكەن. خېلى كۆپ ساندىكى ياشلار ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ ئازابلانماقتا ۋە جىددىي قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپ زار- زار قاقشىماقتا.

1983-يىلى ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى تېببىي ئالىملار ئەيدىز كېسىلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن چىقارغان يەكۈندە، بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى — ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئەركىنلىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ھالقىپ كەتكەنلىكىدىن بولغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئەڭ ئۇلۇغ شەپقەتچىمىز جانابى ئاللاھ بىز بەندىلەرگە ھەقىقىي كۆيۈنۈپ ئالدىنئالا مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان ئىدى: **"زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17- سۈرە)، 32- ئايەت}. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدۇ؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "**سېنى ياراتقان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ**"دېدى. مەن: "بۇ ئەلۋەتتە چوڭ گۇناھ، ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟" دېدىم. رەسۇلۇللاھ: "**قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ**" دېدى (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "**زىنادىن ساقلىنىڭلار، ئاشۇ زىناخورلۇقتىن تۆت تۈرلۈك يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ: رەسۋا بولىدۇ، ئىقتىسادىي ۋەيران بولىدۇ، ئاللاھ رازى بولمايدۇ، دوزاخقا مەنسۇپ بولىدۇ**" (تەبرانى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدىكى ئايەتى كەرىم بىلەن ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى زىنانىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى، قەبىھلىكىنى، ماددىي-مەنىۋى جەھەتتىكى غايەت زور زىيانلىرىنى، ئاللاھنى رازى قىلىپ دوزاخ ئازابىدىن ئامان قالاي دېگۈچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىنادىن ئۆزىنى تارتىشى زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇسكى، بىر قىسىم غاپىل مۇسۇلمانلارمۇ «ئەيدىز» كېسىلىدىن ئىبارەت ئىپلاس كېسەلنىڭ ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ ئۆزىنى ئازابلىغاندىن تاشقىرى باشقىلارغىمۇ ئېغىر زىيان سالماقتا. ئەيدىز كېسىلىگە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، دۇنيادا ھازىر 35 مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ، 7 مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كەتكەن. ئۇلارنى داۋالاش، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان مەبلەغ 1991- يىلدىكى 240 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن 2000- يىلىغا كەلگەندە يىللىق خورالما راسخوت 500 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. دۆلىتىمىزدىكى ھەر بىر ئەيدىز كېسىلىنىڭ چىقىمى خەلق پۇلى ھېسابىغا 150 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ خىل يۇقىرى باھالىق داۋالاش ھەققى كېسەلنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان. دېمەك، ئەيدىز كېسىلى كېسەل بولغۇچىنى ئازابلاپ ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىپلا قالماستىن، بەلكى، دۆلەت ۋە ئائىلە، شەخسلەر ئۈچۈنمۇ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر زىيان سالماقتا. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار بىزنى قاتتىق چۆچۈتۈپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بۇ مەلۇماتلاردىن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە قەتئىي بويسۇنۇشىنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ ئالالايمىز.

ئەيدىز كېسىلىدىن ئىبارەت يېڭى «ۋابا» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، ئالامەتلىرىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز لازىم.

تېببىي ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئەيدىز ۋىرۇسى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىدىكەن:

1. ئوخشاش جىنسلىقلار ياكى يات جىنسلىقلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشتىن يۇقىدىكەن؛

2. دېزىنفېكسىيەلەنمىگەن يىڭنە ياكى شپرىسنى ئىشلىتىش ۋە تەكشۈرۈلمىگەن قان ياكى قان ياسالمىلىرىنى سالدۇرۇشتىن يۇقىدىكەن؛

3. ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە، بوشىنىش جەريانىدا ۋە ئېمىتىش دەۋرىدە ئانىدىن بالىغا يۇقىدىكەن.

تۆۋەندىكىدەك كىشىلەر ئەيدىز كېسىلىگە مايىلچان بولىدۇ، دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان:

1. ئۆز ئارا مۇھەببەتلىشىدىغان ئەرلەر (بەچچىۋازلار)؛

2. قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغۇچىلار؛

3. ھەر خىل زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ھەر خىل شەكىلدە چەككۈچىلەر؛

4. جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار.

ئەيدىز كېسىلىنىڭ تېز يۇقۇملىنىشى ۋە تارقىلىشى جىنسىي مۇناسىۋەت ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى 90% تىن ئارتۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردا كۆپرەك بايقالغان. ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ «ۋابا» نىڭ ياش ئۆسمۈرلەرنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىشىمۇ ئېغىر بولغان مەسىلەن:

1998- يىلىغا قەدەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ياش-ئۆسمۈرلەر ئاسىيادا 7 مىليون، ئافرىقىدا 200 مىڭ، شىمالىي ياۋروپادا 80 مىڭ، كارىب دېڭىز رايونىدا 45 مىڭ، شىمالىي ئامېرىكىدا 44 مىڭ، غەربىي ياۋروپادا 30 مىڭ، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە 19 مىڭ ئىكەن. ئاسىيا رايونىدا ئەيدىز تارقىلىشى ئەڭ ئېغىر دۆلەت ھىندىستاندا بولسا، يۇقۇملانغۇچىلار سانى 4 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن 43 مىڭ بىمار خەتەرلىك باسقۇچقا يەتكەن. دۆلىتىمىزدە 1996- يىلى ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار 200 مىڭ (بىر قانچە يىل مابەينىدە 8400 نەپىرى ئۆلگەن) بولسا، 1999- يىلدىكى ساندا بىر قاتلىنىپ 400 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ھازىر دۇنيا بويىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار 1980 - يىلدىكى ساندىن 150 ھەسسە كۆپەيگەن. بۇ نېمىدېگەن

قورقۇنچلۇق ئەھۋال- ھە!؟

يەنە شۇنىڭغا سەگەكلىك بىلەن قارىماي بولمايدۇكى، ئوتتۇرا دۇنيادا 18 ياشتىن تۆۋەن 300 مىڭ بالا ئۆزىگە ئەيدىز ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆلۈم گىردابىدا تۇرماقتا. 1997- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 15 ياشتىن تۆۋەن 1 مىليون بالا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سانىنى قوشقاندا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. پاجىئەلىك يېرى شۇكى، ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلگەن 1 مىليون 500 مىڭ ئادەم ئىچىدە 350 مىڭ نەپىرىمۇ 15 ياشتىن تۆۋەن ياش-ئۆسمۈر باللاردۇر. بۇ بالىلارنىڭ 90% تى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىن بولۇپ، ئۆلۈش سانىمۇ غەرب ئەللىرىدىن تېز ھەم كۆپ بولماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ياكى يۇقۇملانغاندىن كېيىن قورساق كۆتۈرسە بالىسىنى يۇقۇملاندۇرۇپلا قالماستىن، بالىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئادەتتە بۇنداق بالىلارنىڭ 50% تىن ئارتۇقراقى 2 ياشقا توشمايلا ئۆلىدۇ. قالغانلىرى 5 ياشقا توشماستىن ئۆلىدۇ. ئاتا-ئانىسىمۇ 5-10 يىل ئىچىدە ئۆلىدۇ. نەتىجىدە ئۆلمىگەن باللار يېتىم قىلىپ، جەمئىيەتكە ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئويلاپ باقايلى، ياش ئاتا-ئانىلارنىڭ ناتوغرا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش، بالا تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمەي ئۇلارغا ئەيدىز ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇپ ھاياتىغا زامىن بولۇشىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە سەبىي بالىلارنى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن نېمە پەرقى بار؟ بىز ئاتا-ئانىلار بالىلىرىمىز ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى ئادا قىلمىغانىنىڭ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ھەقلىرىنى بەرمىگەنلىكنىڭ ئۈستىگە سەبىيلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولساق، ئاللاھ ئالدىدا نېمە دەيمىز؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟

«قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە «تەھرىم»(66-سۈرە)نىڭ 6- ئايىتىدە. **"ئى، مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار"** دېيىلگەن.

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئاتا- ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالا-چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى بالىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ تاكى ياشلىق قۇرامىغا يېتىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرالىغانغا قەدەر، ياخشى- يامانىنى بىلدۈرۈپ، ئائىلە تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتەك ئاللاھ بۇيرۇغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئاتا- ئانىلار بالىلارنى ئۆز ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە خالىغانچە قويۇپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتىشتۈرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە كۆرىدۇ. يامان بالىنىڭ ئاپىتى ئاتا- ئانىلارنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ. قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئامانەتنى زايا قىلغان كىشى قانداق جاۋابكارلىققا تارتىلسا، پەرزەنتلىرىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا- ئانىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئېغىر جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، چۈنكى پەرزەنتلەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئامانەتتۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن. **"سىلەر ھەممىڭلار پادىچىلار، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پادىلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ"**. شۇڭا ھەر بىر ئاتا-ئانا مەسئۇلىيەتچانلىق بۇرچى بىلەن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەقىقىي كۆيۈنۈشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **"ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى باقماي تاشلىۋېتىشى يېتەرلىكتۇر"**. بۇنىڭدىن يەنە ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنۈش ئاتا- ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، جاپا- مۇشەققەتتىن باشقىغا چاقىرمايدىغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كۆڭۈل

بۆلمەيدىغان دىن بولماستىن بەلكى ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانپەرۋەر، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈشكە چاقىرىدىغان، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشكە تەۋسىيە قىلىدىغان، ئالاھىدە ھۆرمەتلەشكە لايىق بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان ئەستە تۇتۇشى كېرەككى، ئەيدىز ۋىرۇسى پەقەت ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئادەمنىڭ قان سۇيۇقلۇقىدا، ئەرلەرنىڭ ئىسپېرمىسىدا، ئاياللارنىڭ جىنسىي يول ئاجراتمىلىرىدا، ئانىنىڭ سۈتىدە ساقلىنىدۇ. مانا مۇشۇ سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئالمىشىشى نەتىجىسىدە يۇقۇملىنىش پەيدا بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا ئەيدىز كېسەللى بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولامدۇ-بولمامدۇ؟ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك:

1. ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ 90% ى جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق يۇقىدۇ، شۇڭا جىنسىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش، ئۆزىنى پاك تۇتۇش، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇش، قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماسلىق كېرەك. ئەگەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ھالال جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماقچى بولسا، ساغلاملىق ئېگىنى ئۈستۈرۈپ، بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى توغرا ئىشلىتىش كېرەك.

2. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن پەرمانلىرىغا، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق ۋە جىنسىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئىپپەت-نومۇسنى ساتماسلىق، پاھىشىۋازلىق ۋە بەچچىۋازلىق قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ نىكاھلىق جۆرىسىدىن باشقا كىشىلەر بىلەن جىنسىي ئالاقىدا بولماسلىق كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا مەدىنىدە ئوقۇغان ئەڭ ئاخىرقى بىر خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: "بىر ئەر كىشى ئۆز ئايالىنىڭ ئارقا يولىغا، ياكى بىر ئەر كىشى بىلەن ۋە ياكى بىر ياش ئوغۇل بالا بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى چىرىپ كەتكەن تاپتىنمۇ بەتبۇي ھالەتتە گۆرىدىن تۇرىدۇ، دوزاختا تاشلانغىچە ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ بىزار بولىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى تامامەن ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ. ئىقتىسادىي-مالىيە جەھەتتىكى ۋە ئەدلىي-ئادالەت جەھەتتىكى ھەممە ياخشىلىقلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، بەلكى دەھشەتلىك ئوت ئىچىگە دۇملىنىدۇ" («تەبىين نەبەۋىيى» 220-بەت).

بىز مۇسۇلمان دىنى قېرىنداشلار يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھالال نىكاھلىق جۆرىمىزدىن باشقا كىشى بىلەن ھەر قانداق شەكىلدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىنتايىن ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق ئېگىمىزنى يېتىلدۈرىشىمىز لازىم.

3. ھەر قانداق شەكىلدە زەھەرلىك چېكىملىك چەكمەسلىك ۋە چېكىشنى قەتئىي يوسۇندا توسۇش كېرەك.

**"ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 195-ئايەت}.

"كىمكى ئۆزىنى زەھەرلىك بۇيۇم بىلەن زەھەرلەپ ئۆلگەن بولسا، زەھەرلىك بۇيۇمنى قولىدا تۇتقان ھالدا دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىستىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، زەھەر چېكىش ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە ئىتتىرىش، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈش دېمەكتۇر. زەھەر دېگىنىمىز — ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي ساغلاملىقىغا چەكسىز زىيان يەتكۈزىدىغان ھەممە زەھەرنى، جۈملىدىن ئەپيۇن، نەشە، كوكايىن ۋە زىيانلىق بولغان بارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. زەھەر بولسا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىش، ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش، چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق ئىللەتلەر ۋە جىنايى قىلمىشلارنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەست

قىلىدىغانلىقى نەرسىلەر، مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن ھەممىسى ھارامدۇر" دېگەن. ھارامدىن ئۆزىنى تارتىش ۋە چەكلەش مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

4. ئۇستىرا، چىش چوتكىسى، ئوكۇل يىڭنىسى، شپىرىس ز. بەدەنگە كىرگۈزۈلىدىغان داۋالاش سايمانلىرىنى ئورتاق ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

5. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللار ھامىلدار بولماسلىقى كېرەك. ناۋادا ھامىلدار بولۇپ قېلىپ بالا تۇغۇلسا، ئۆزى ئېمىتمەستىن تۇغۇپلا ساغلام كىشىلەرنىڭ ئېمىتىشىگە بېرىشى كېرەك. چۈنكى ب د ت نىڭ يېقىنقى تەكشۈرۈشىدە مەلۇم بولۇشىچە، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بوۋاقلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئانا سۈتى ئارقىلىق يۇقۇملانغان.

قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئەيدىز كېسىلى يەر شارى خاراكتېرلىك "ۋابا" دۇر. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر شەخس ئۈچۈن ئېغىر زىيان سالغۇچى، ئائىلىنى خانىۋەيران قىلغۇچى ئاپەت. ئەيدىز كېسىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى تۆۋەنلىتىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزىدۇ. ئۇنىڭغا بولغان سەزگۈرلۈكنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش، مۇداپىئەلىنىش چارىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يولغا قويۇش، ئەقلى ھوشى جايىدا، غۇرۇرى كۈچلۈك، ھېسسىياتى ئويغاق، ئىمانى كامىل بولغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر.

بىز بۈگۈن 21- ئەسىردىن ئىبارەت ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. ئىلىم-پەن تارىختىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن تەرەققىي قىلدى. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىپ دۇنيادا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولدى. بىز ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ئەلنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈلگە بولۇش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق تونۇپ تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇركى: "**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 104- ئايەت}. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن. "**سىلەردىن كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن، ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستىن ھەممىمىزگە ئايانكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى «قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئالغان ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىپ بەرگەن ئالاھىدە ئۈممەت. بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىز ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىمىزنى روشەن ئەسلىتىدۇ. يەنى جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، كىشىلەر كۈچلۈك رىقابەت ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئىلىم ئەھلى بولغان كىشىلەر بايرىقىمىز روشەن، مەيدانىمىز مۇستەھكەم ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ قانۇنغا، مۇقىملىققا، ئىجتىمائىي ئەخلاققا، كەسپىي ئەخلاققا، گۈزەل ئائىلە ئەخلاقىغا زىت بولغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى توسۇشىمىز، كىشىلەرگە توغرا تەبلىغ-ئەھكاملار ئارقىلىق خاتا يولدىن يېنىپ، توغرا يولغا مېڭىش توغرىسىدا ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئەكسىچە "ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي"، "ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ" دېگەندەك خۇراپىي ئادەتلەر ئىسكەنجىسىدىن چىقالماي، يامان سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرماي، كارىمىز بولماي، كۆرسەكمۇ، ئاڭلىساقمۇ بىپەرۋالىق قىلىپ يۈرسەك، ئۆز ئىمان- ئەقىدىمىزنىڭ قانچىلىك ۋە قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئايان بولىدۇ.

ھەر قانداق ئادەمدە، بولۇپمۇ تەقۋادار مۇسۇلمانلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىن ئېتىقاد، پاك ۋىجدان، ساغلام ئەقىدە، قەيسەر ئىرادە بولۇشى لازىمكى، ئەتراپتىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر، بىپەرۋا ھالەتتە يۈرۈش ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئۇنتۇغانلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئاللاھ ئالدىدا ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: **"ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر"** {سۈرە «بەقەرە» (2- سۈرە)، 229- ئايەت}. بۇ ئايەت كەرىمگە بىنائەن، ھەر بىر مۇسۇلمان، بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلىلىرى، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز "زالىملار" قاتارىغا كىرىپ قالماسلىقىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا "زالىملار"غا يول قويماسلىقىمىز، ئۇلارنى "زالىم" لىقتىن توسۇشىمىز لازىم.

كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى "زالىم"لىق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ دوزاختا ئۆزىنى قىيناشقا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىز گۇناھ قىلماسلىق بىلەن بىر چاغدا، باشقىلارنى گۇناھتىن توسۇش مەجبۇرىيىتىمىز بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشى، ئالىملارنىڭ، دىن پېشۋالىرىنىڭ ۋەز- تەبلىغلىرىنى ئاڭلاپ، ياخشى ئەخلاقتا ئىنتىلىدىغان، يامان سۆز ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەكلەيدىغان ئەركەك مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى ئەقەللىي ساۋاتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: **"سىلەر ھەمىشە ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار، ئاللاھ يامغۇر سۈيى بىلەن قۇرغاق زېمىننى ياشارتقاندەك، ئەقلىنىڭ نۇرى بىلەن سىلەرنىڭ ھالاك بولغان قەلبىڭلارنى تىرىلدۈرىدۇ"**. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئادەم دۇنياغا كەلگەنىكەن چوقۇم ئادەمدەك ياشىشى، غۇرۇرى- قەدرى قىممىتىنى ساقلىشى، تالانتى ۋە ئەقىل پاراستى ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، بۇ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك بەخت- سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتى كەرىمنى دەلىل كەلتۈرۈش كۇپايىدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: **"كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن"** {«سۈرە كەھف» (18-سۈرە)، 110- ئايەت}.

بۇنىڭ ئۈچۈن بىز دىنىي زاتلار «قۇرئان كەرىم» دىكى بۈيرۇق-ھۆكۈملەرنى، ھەدىس-شەرىفتىكى ھېكمەت- يوليورۇقلارنى، فىقھى كىتابلاردىكى قائىدە-قانۇنلارنى ئىجتىھاد بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزگە، جەمئىيىتىمىزگە تەدبىقلىشىمىز، تەپەككۇر قىلىپ ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، پۈتكۈل مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئۆلچەملىك، لاياقەتلىك ھەقىقىي، پاك- ساغلام مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى ئۈچۈن توغرا ۋە ئىلغار يېتەكچى بولۇشىمىز كېرەك.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئەگەر كىمكى بۇ يېڭى ئەسىردە يەنە جاھالەت دەۋرىدىن قالغان سەۋەنلىكلەرنى تەكرارلاپ، خۇراپاتلىقنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ، ھالال تاپقان پۇلىنى ھارام ئىشلارغا بۇزۇپ، زەھەر چېكىپ، ئەيدىز كېسەللىدەك يېڭى "ۋابا" نى تارقىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئىمان، ئىلىم، تەرەققىياتقا يۈزلەنمەي، "جاھان دېگەن مۇشۇ، جېنىم راھەتلەنسە بولدى" دەپ يۈرۈۋەرسە، مەڭگۈ ھالى خاراب، باغرى كاۋاپ بولۇپ نامراتلىقتا قېلىۋېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قەلبىمىزنى ئىمان ۋە ئىلىم-مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتقاي، ئىشلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلغاي، ئۆمرىمىزگە بەرىكەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي! **"پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 201- ئايەت}. ئامىن!

(ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە دەرۋازا ئالدى مەسچىتىنىڭ ئىمامى، خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنى ھاراق ئىچىشنى قەتئىي چەكلەيدۇ

قۇربان مەتمىن

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئاللاھ تائالا بۈيۈك ھەم مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»دە، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ئەمر-مەرۇپلارغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، نەھيى قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەردىن يېنىپ، ئىككىلا ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇلىنى قۇرۇش، ھالال يېيىش ۋە ھالال كەسىپ قىلىش، ھارامدىن قەتئىي ساقلىنىش توغرىسىدا كۆپلىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىزلەرگە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ھەدىسلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەن بۇ ماقالىنى ھاراق ئىچىپ يولدىن ئېزىپ، مۇسۇلمان مىللەتلىك شەنىگە داغ تەگكۈزۈۋاتقان ياشلىرىمىزغا پەند-نەسىھەت بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھتىن پاك ئىمان ۋە تەۋپىق-ھىدايەت تىلەپ يازدىم. ئالدى بىلەن ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

قېرىنداشلىرىمىزغا مەلۇمكى، ھىجرىيىنىڭ 3-يىلى(624-يىلى) ھاراق شەكسىز رەۋىشتە ھارام قىلىندى. ئۇ ۋاقىتتا ئەرەب مىللەتلىرى ھاراقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئاللاھ ھاراقنى بىر يولىلا چەكلەپ ئايەت نازىل قىلسا ئەرەب خەلقىنىڭ بۇ بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشى قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ھاراقنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ تەدرىجىي ھالدا چەكلەپ مۇنداق ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”( **ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: 'بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ' دېگىن“** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 219-ئايەت}. 1-نۆۋەت نازىل قىلىنغان بۇ ئايەتتە، ھاراق، قىمارنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى چوڭ ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. كىشىلەردىن ھاراقنى ئاز ئىچىش ياكى ئىچمەسلىكنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ھاراق قەتئىي چەكلەنمىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب مىللەتلىرى ھاراقنى بەدەننى كۈچەيتىدۇ دەپ ئىچەتتى. ھاراق ھارام قىلىنمىغان بولغاچقا كىشىلەر مەستلىكتە نامازدا تۇرۇپ قىرائەتتە ئېزىپ كەتكەنلىكتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن خاپا بولغان، كىشىلەر ھاراق ئىچىپ يەنە نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلغان: **”ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە... نامازغا يېقىنلاشماڭلار“** {سۈرە«نىسا» (4-سۈرە)، 43-ئايەت}. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچىشىگە بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ چەك قويدى. لېكىن كىشىلەر يەنە ھەددىدىن ئېشىپ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ ئۇرۇش-جېدەل قىلدى. ئەرەب خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا، تىنچلىقىغا، ئىتتىپاقلىقىغا ھاراق يەنە كاشىلا يەتكۈزدى. بىر قېتىملىق جەڭدە بىر قىسىم كىشىلەر ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئەس-ھوشىنى بىلمىگەچكە ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا

www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ ھاراقنى قەتئىي چەكلەپ ھارام قىلدى: **”ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار(يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟“** {سۈرە«مائىدە» (5-سۈرە)، 90-، 91-ئايەتلەر}.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھاراق ئىچىشنى قىمار ئويناش ۋە بۇتقا چوقۇنۇش بىلەن بىر قاتاردا قويغان. ئاللاھ تائالا ھاراقنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ۋە ناماز ئوقۇشقا زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھاراق ئىچكۈچى بىلەن بۇتپەرەسنى ئەيىبلەپ: **”ھاراقكەش بىلەن بۇتپەرەسنىڭ پەرقى يوق“** دېگەن(«قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 67-بەت). يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلار: ”بىز ھاراقتىن ياندۇق“ دەپ جاۋاب بەرگەن.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئىسلام دىنى ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەرنى مۇتلەق ھارام ھېسابلاپ، قەتئىي چەكلەيدۇ. ھاراق ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىچىملىكنىڭ بىر تۈرى. تىببىي ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھاراق ئىچىش ئىنسانلارنى يۈرەك زەئىپلىشىش، جىگەر قېتىش، كىكىرتەك ياللۇغى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، جىنسىي ئاجىزلىق...كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار قىلىدۇ؛ ھەتتا راك قاتارلىق مۇدھىش كېسەللىكنى پەيدا قىلىپ ئادەمنى ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئادەم ئازغۇنلۇقتا، ئۆلۈمگە سۆرەيدىغان ھاراقنى چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: **” ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار ھالاكەتكە تاشلىماڭلار“** {سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 195-ئايەت}.

ھاراق ئىچىش ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىدىن چەتنىگەنلىك، توغرا، ھەق يولدىن قاچقانلىق، گۇمراھلىق ۋە زالالەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھاراق جىمى گۇناھ، پاراكەندىلىك، بالا-قازانىڭ سەۋەبكارى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **” ھاراق پاراكەندىلىكنىڭ ئاچقۇچى، بالا-قازانىڭ سەۋەبچىسىدۇر. ھاراق ھەممە ئەسكىلىكلەرنىڭ ئانىسىدۇر؛ (ئۇنى ئىچكۈچىلەر) باشتا ئاز ئىچىپ كەيىندىن غەرق بولۇپ كېتىدۇ، يامان ئىشنى كۆپ قىلىدۇ. ئۇنى تاشلاش كېرەك“** («ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال-جاۋابلار»نىڭ 392-بېتىدىن).

ھاراق ئىچىش چوڭ گۇناھنىڭ بىرى. ئۇممۇ سەلىمە ئانىمىز رىۋايەت قىلىپ: ”رەسۇلۇللاھ ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ۋە سۇسلاشتۇرغۇچىدىن توستى“ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”مەست قىلىدىغان نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن ھارامدۇر“** (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

ھاراق ئىچكۈچىلەر ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە، ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە ئېغىر تالاپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. ھاراق بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى، ئىجتىمائىي مەرەز. خۇددى تابىئىنلاردىن شەيخ ھەسەنۇلبەسرى ئېيتقاندەك: ”ھاراقكەشتىن ئاۋۋال خۇدا بىزار، ئىككىنچىدىن پەيغەمبەر بىزار، ئۈچىنچىدىن پەرىشتىلەر بىزار، تۆتىنچىدىن ھەممە خەلق بىزار بولۇپ لەنەت ئوقۇيدۇ، مال-مۈلكىدە بەرىكەت قالمايدۇ، قىيامەت كۈنىدە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ“ («قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 67-بەت). ھاراق

ئېچكۈچى يەنە پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك: ''ھاراق جىمى ئىپلاسلىقنىڭ ئانىسى، ئۇنى كىم ئىچسە ئاللاھ ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەگەر شۇ ھاراقنىڭ ھىدى قورسىقىدا بار ھالەتتە ئۆلسە ئۇنىڭ ئۆلۈكى جاھىلىيەت بەندىسى (مۇشرىك) قاتارىدا بولىدۇ''. ئىمام مۇسلىم رىۋايىتىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''ھاراق ئىچكۈچىگە قىيامەت كۈنى غوتە دېگەن ئۆستەڭ سۈيىدىن ئىچۈرۈلىدۇ. بۇ ئۆستەڭدە پاھىشەلەرنىڭ ئۇياتلىق يېرىدىن ئاققان قان-يىرىڭلار زەرداپ بولۇپ ئاقىدۇ، دوزىخىلار سېسىقلىقىدا چىدىيالماي يىغلايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى قىيامەتتە مەزكۇر ئۆستەڭ سۈيىدىن ئىچۈرۈلىدۇ''.

ھاراق ئىچىش يەنە كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد، ئابروي، سالاھىيىتىگە زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھاراقكەشلەر ئىقتىسادنى جايىغا ئىشلەتمىگەنلىكى، پۇل خەجلەپ چوڭ گۇناھلارنى سېتىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن قىيامەتتە سوراققا تارتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ''بەندە ئۆمرىنى نېمە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، بىلىمى بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئىقتىسادنى قەيەردىن تاپقانلىقى ۋە قەيەرگە خەجلىگەنلىكى، جىسمىنى نېمە ئىشلاردا مەشغۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا سوئال-سوراق قىلىنماي تۇرۇپ مەھشەر مەيدانىدىن مىدىرلىتىلمايدۇ'' (تىرمىزى رىۋايىتى). ئاللاھ تائالا ئىسراپخورلانى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: **''ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر''** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 27-ئايەت}.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھاراق ئىچىش ھارام ۋە ئېغىر گۇناھ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: ''ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، مۇرتەدلىك قىلىش، قاتىللىق قىلىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىقلار گۇناھى كەبىر'' دەپ چۈشەندۈرگەن.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھاراق ئىچىش ئىنسانىنى يۇقىرىقىدەك بالايىئاپەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ. ھاراق پاك، ئىناق ئائىلىنى ۋەيرانلىققا ئۇچرىتىدۇ. ھاراقخورلۇق كىشىنى ھورۇنلۇق، يوقسۇللۇق ئازگىلىغا سۆرەپ ئاپىرىدۇ. قىيامەت كۈنى ھاراق ئىچكەن گۇناھىغا قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە ھاراق ئىچىش كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېغىر پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ قانداق مىللەتكە مەنسۇپلۇقىنى، كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ھاراق-تاماكىغا قۇل بولۇپ، مۇسۇلمان مىللەتلىك شەنىگە ۋە ئابرويىغا داغ تەگكۈزۈۋاتىدۇ.

ئى قېرىنداشلار! كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ باشقىلارغا قاراپ باقايلى! باشقىلار نەدە، نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ بىز نەدە، نەگە كېتىۋاتىمىز؟ بىزنىڭ روھىمىز بۇلغىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز، سۈپەت-ساپايىمىز نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ كەينىدە قېلىۋاتىدۇ.



ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئۆزىمىزنىڭ سالامەتلىكى، تىنچ-خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ بىر ساغلام ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام دەپ ئاللىبۇرۇن چەكلىگەن ھاراقتىن ئۆزىمىزنى تارتايلى! ئاللاھ ئالدىدا گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلايلى! رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى، تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن بۇ نىجىس ئىچىملىكنى قەتئىي تاشلايلى! جانابى ھەق سۇبھانەۋەتەئالا پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پاك ئىمان، بەخت-سائادەت، ھالال يول ئاتا قىلغاي-ئامىن!.

(ئاپتور: چىرا ناھىيىسىدىن.
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

www.uyghurkitap.com

# زەھەردىن يىراقلىشىپ، كەلگۈسىنى قەدىرلەيلى

هاجى مەھمۇدى

6- ئاينىڭ 26- كۈنى خەلقئارا زەھەر مەنئىي قىلىش كۈنى. دۆلەت زەھەرنى مەنئىي قىلىش كومىتېتى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىللىق" 26- ئىيۇن" خەلقئارا زەھەر مەنئىي قىلىش كۈنىنىڭ تەشۋىقات باش تېمىسىنى" زەھەردىن يىراقلىشىپ، كەلگۈسىنى قەدىرلەيلى!" دەپ بېكىتتى. بولۇپمۇ زەھەر مەنئىي قىلىش خىزمىتىنى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردىن باشلاپ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

زەھەرنى كىشىلەر" ئاق تاماكا "،" ئاق ۋابا "، " ئاق ئالۋاستى" دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىشىدۇ. بۇ ئاق ئالۋاستى يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزگە، مىللىتىمىزگە، جەمئىيىتىمىزگە چوڭ بالايىئاپەت بولۇۋاتىدۇ. تىزىمغا ئېلىنغان زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى داۋاملىق كۆپىيىۋاتىدۇ (تۆرلۈك سەۋەبلەردىن تىزىمغا كىرمەي قالغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەلۋەتتە!) .

2002-يىلى مەملىكىتىمىزدە تىزىمغا ئېلىنغان زەھەر چەككۈچىلەر بىر مىليون كىشىگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن 11 پىرسەنت كۆپەيگەن، زەھەرگە چېتىلىدىغان ناھىيە (شەھەر، رايون) 2148 گە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن 97سى كۆپەيگەن. كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، تىزىمدىكى زەھەر چەككۈچىلەر ئىچىدە ياش-ئۆسمۈرلەر 74 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە زەھەر چېكىش سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر 25 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن. زەھەر مەسىلىسى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزۇپ، قانۇنغا خىلاپ نۇرغۇن جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۆپ ساندىكى ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون) لاردىكى بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قاتارلىق دېلولارنىڭ 30 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى زەھەر چەككۈچىلەر سادىر قىلغان، ھەتتا بەزى رايونلاردا بۇ نىسبەت 70 پىرسەنتكە يېقىنلاشقان. زەھەر چېكىش يەنە مەملىكىتىمىزدە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق تارقىلىش يولى بولۇپ قالغان. 2002-يىلى مەملىكەت بويىچە مەلۇم قىلىنغان 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئىچىدە زەھەر چېكىدىغانلار بۇ ساننىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ زەھەر چېكىش چوڭ بىر ئاپەت ھېسابلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا زەھەر چەككۈچىلەر 20 مىڭدىن كۆپرەك. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، 84 ناھىيە، شەھەردە بولۇپ، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ نىسبەت مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ. كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى، شىنجاڭ رايونىدىمۇ زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكى 35 ياشتىن تۆۋەن ياشتىكىلەر ئىكەن.


ئاپتونوم رايونلۇق زەھەرنى مەنئىي قىلىش ئىشخانىسىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شىنجاڭدىمۇ زەھەرنى مەنئىي قىلىش ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىن بولماقتا. 2002-يىلى ج خ ئورۇنلىرى شىنجاڭ بويىچە زەھەر دېلوسىدىن 1156نى پاش قىلغان، زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان جىنايەت گۇماندارىدىن 997 نى قولغا ئالغان، 35.8 كىلوگرام خىروئىننى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ ئۈچ سان ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2001-يىلدىكىسىنىڭ 11 ھەسسىسىگە، 5.7 ھەسسىسىگە ۋە 11.6 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. شۇنداقلا تىزىمغا ئېلىنغان زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى خىروئىن چېكىدىكەن.

ھازىر ئاپتونوم رايوندا ئومۇمىي خەلقنىڭ زەھەر چەكلەش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ،"زەھەرسىز مەھەللە" بەرپا قىلىش، بولۇپمۇ زەھەرنى مەنئىي قىلىشنى ياش- ئۆسمۈرلەردىن باشلاپ تۇتۇش، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ زەھەردىن يىراق تۇرۇپ، ھاياتلىقنى قەدىرلەپ، گۈزەل كېلەچەك يارىتىشقا يېتەكلەش جەھەتتە بىر مەيدان"خەلق ئۇرۇشى" قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ " زەھەرسىز مەھەللە" بەرپا قىلىش خىزمىتى بۇ خەلق ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ. " زەھەرسىز مەھەللە"نىڭ تۆت ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى: 1) يېڭىدىن كۆپەيگەن زەھەر چەككۈچىلەر بولمىغان بولۇش؛ 2) ھازىرقى زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ زەھەر تاشلىغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان بولۇش؛ 3)، زەھەر ياسىغانلار ۋە ساتقانلار بولمىغان بولۇش: 4) زەھەر ئېلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش قىلمىشى يۈز بەرمىگەن بولۇش.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەنپەئىتىنى، ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا، ئىنسانلارغا پايدىلىق بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، زىيانلىق بارلىق يامان ئىشلارنى قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۈملىدىن ئىنسانلارغا زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرىدىغان، ئادەملەرنى ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىقىرىدىغان مەست قىلغۇچى، ئەقىلسىزلاندۇرغۇچى نەرسىلەرنى ھارام ھېسابلايدۇ. ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمار ئويناش قاتارلىقلارنى پەقەت شەيتانغىلا خاس ئەڭ رەزىل، پاسكىنا قىلىق دەپ قارايدۇ (بۇ ھەقتە ئۆلىما مۇھتەرەم ھاجى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998- يىل 2- سانىدا «زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ياشلىرىمىزغا مۇراجىئەت» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلغانىدى). شۇڭا دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ، مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدىكى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بويىچە ۋەز-تەبلىغ، پەند- نەسىھەت ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى بىر مەھەل ۋەھىمىگە سالغان سارىستىنمۇ ئېغىر ئاپەت ھېسابلىنىدىغان" ئاق ئالۋاستى" غا قارشى ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق كۈرىشىگە زىچ ماسلىشىپ، "زەھەرسىز مەھەللە" بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشىنى، بۇ ئارقىلىق زەھەر چەكلەش جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەقىدە، ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# قۇمۇل هېيتگاھ جامەسى

ئەخمەت ياقۇپ



قۇمۇل هېيتگاھ جامەسى قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ غەربىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى — ئالتۇنلۇقنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇلدىكى تارىخى ئۇزۇن، كۆلىمى چوڭ، كۆركەم سېلىنغان ئەڭ قەدىمي جامە ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇل ئالتۇنلۇق ئەتراپىدىكى چوڭ قەبرىستانلىق قۇمۇل شەھرى ئەتراپىدىكى ئەڭ چوڭ جامائەت قەبرىستانلىقى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ 1-ئەۋلاد ۋاڭى ئەبەيدۇللا تارخان بەگ مۇشۇ قەبرىستانلىقنىڭ دەل ئوتتۇرا قىسمىدا ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مازىرىنى يەنى ئالتۇنلۇقنى بىنا قىلدۇرغان. دەبدەبىلىك دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، قەدىمي قەبرىستانلىق ئۈستىگە مىلادى 1668- يىلى هېيتگاھ جامەسىنىڭ دەسلەپكى بىناسىنى سالدۇرغان. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە قۇمۇلدا ئادەم كۆپىيىپ جامە ئىچى كىچىكلىك قىلغانلىقتىن، قۇمۇلنىڭ 4-ئەۋلاد ۋاڭى يۇسۇپ ۋاڭ تەخمىنەن مىلادى 1750- يىللىرى جامەنى غەربتىن شەرققە 3 ئارال (قۇمۇل شىۋىسىدە.ئىككى تۈۋرۈك ئارىلىقى) كېڭەيتكەن. مىلادى 1797- يىللىرى ئەتراپىدا قۇمۇلنىڭ 6-ئەۋلاد ۋاڭى ئەردىشىرۋاڭ قايتا ئىسلاھ قىلىپ يەنە 3 ئارال كېڭەيتىپ هازىرقى مۇشۇ هالەتكە كەلتۈرگەن.

قۇمۇلنىڭ 9-ئەۋلاد ۋاڭى شاھ مەخسۇت جامەنى رېمونت قىلدۇرغان. مىلادى 1948- يىلىغا كەلگەندە قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىكى ۋە داڭلىق ئۇستا سوپا هاجى يېتەكچىلىكىدە جامەنىڭ ئىچكى ياغاچ قۇرۇلۇش قىسمى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. ئۇزۇن يىللار داۋامىدا مەسچىت ئۇل تاملىرى چىرىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندە جامائەت ئۇنى غوجا تام (يۆلەك تام) لار بىلەن مۇستەھكەملىگەن.''مەدەنىيەت ئىنقىلابى''دا بۇ جامە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

80- يىللارنىڭ بېشىدا قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى دۆلەت تەرىپىدىن '' ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى'' قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، 1982- يىلدىن باشلاپ رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشلىنىپ، 1990- يىلى ۋە 1999-يىلى كەڭ دائىرىدە بىر قانچە قېتىم رېمونت قىلىنىپ، مەسچىت ئەسلى هالىتىگە كەلتۈرۈلدى.

قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىدىكى مەشھۇر يېشىل گۈمبەز مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ مەقبەرىسىنىڭ غەربىگە غەربتىن شەرققە قاراپ چاسا شەكلىدە كېسەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق 108 دانە ئويما نەقىشلىك چوڭ تۈۋرۈكلەر ئارقىلىق بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، ئۈستى قىسمى گۈللۈك تاختايلار بىلەن يېپىلغان.

جامەنىڭ تورۇسىغا (يەنى ئىچىگە) كەڭ-كۇشادە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈپ تۇرۇشى ۋە هاۋانىڭ بىمالال ئالمىشىپ تۇرۇشى ئۈچۈن هەر بىرىنىڭ چوڭلۇقى 16 كۋادرات مېتىردىن كېلىدىغان 4 دانە چوڭ كۆتۈرمە پەنجىرىلىك تۈڭلۈكلەر قويۇلغان. جامەنىڭ


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچكى قىسمى ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە كەئبە يۆنىلىشىنى توغرىلاپ ئۆزۈنچاق چاسا شەكلىدە سېلىنغان، ئومۇمىي ئىچكى مەيدانى 2000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. كۆلىمى جەھەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جامەنىڭ ئالدى تېمىغا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان ھەيۋەتلىك 21 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەشتىقى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا لايىھىلەنگەن بولۇپ، ھەر خىل پەشتاق نەمۇنىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى بىلەن رەڭ كۆزقارىشى بىر-بىرىگە ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئۆزگىچىلىك بىلەن ئورتاقلىقنى ئۆزگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. پەشتاقنىڭ شەكىل تۈزۈلۈشىدە تەشتەكتە ئېچىلغۇاتقان گۈل غۇنچىلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئەڭ ئۈستىدىكى يېشىل قۇببىسى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىغا، غۇنچە ئۈستىدىكى ئاي پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئاق رەڭ ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىقىغا، يېشىل رەڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ۋە ئىستىقباللىق دىن ئىكەنلىكىگە، كۆك رەڭ ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى سۆيىدىغان دىن ئىكەنلىكىگە سىمۋول قىلىنىپ، روشەن ئوبرازلار ئارقىلىق چوڭقۇر مەنىگە ئىگە شەكىل ۋە رەڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان.

مەسچىتنىڭ ئىچكى تاملىرى تۆۋرۈكلەر ئارقىلىق 40 ئارالىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر ئارال تامغا نەپىس سىزىلغان خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ گۈل نۇسخىلىرى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، كۆركەملىكى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلسا، گۈللەر ئارىسىغا ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان قۇرئان سۈرە-ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلىرى جامەنىڭ كۆركەملىكىنى ۋە ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز تارتىدۇ. جامەنىڭ ئوتتۇرا ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە (كىشىلەر ئاسان دىققەت قىلىدىغان جايغا) سېپتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خاتىرە تاش ئابىدە ئەرەب، پارس يېزىقلىرىدا ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مەسچىتنىڭ قىسقىچە تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن، ئەينى دەۋرلەردىكى ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يازما يادىكارلىقلارغا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

قۇمۇل ھېيتگاھ جامەسى سېلىنغاندىن تارتىپ، بىر قانچە ۋاڭلىق دەۋرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ھازىرغا قەدەر قۇمۇلدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىككى ھېيتتا دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان (ئازادلىقتىن



ئىلگىرى جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ كەلگەن) ئاساسلىق دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ كەلمەكتە.

قۇمۇل ھېيتگاھ جامەسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىشى جەھەتلەردە ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ياغاچ ئويما، گەج ئويما، تاش ئويما قاتارلىق ھەر خىل سەنئەتلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان بولۇپ، ئىسلام ۋە مىللىي بىناكارلىق سەنئىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتا زور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، قۇمۇل ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

(ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن)

## ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار شىنجاڭ ئاپەت رايونىدىكى مۇسۇلمانلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: 2003- يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەردىكى مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردا كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، خەلقنىڭ هاياتى ۋە مال-مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 510 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئاپەتكە ئۇچراپ، 268 ئادەم قازا قىلدى، 4853 ئادەم (جۈملىدىن 32 نەپەر دىنىي زات) يارىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2058 ئادەم ئېغىر يارىلاندى؛ 19 مىڭ 899 ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 22 مىڭ 101 ئائىلىنىڭ ئۆيى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، 423 مەكتەپ، 34 دوختۇرخانا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. جۈملىدىن 432 مەسچىت پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 687 مەسچىت تاملىرى يېرىلىپ خەتەرلىك مەسچىت بولۇپ قالدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاپەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 2-ئاينىڭ 27-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئاپەت رايونىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ھال سوراپ تېلېگىرامما يوللىدى ۋە ئاپەت رايونىدىكى مەسچىت رېمونتىغا ئاتاپ، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى ئارقىلىق 20 مىڭ يۈەن ھەدىيە ئەۋەتتى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە مەسچىتلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىئانە توپلاپ، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، خەلق ئىشلىرى ئارماقلىرى ئارقىلىق ئاپەت رايونىغا ئەۋەتكەنىدى. 3-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە «شىنجاڭدىكى ئاپەت رايونى مۇسۇلمانلىرىغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىئانە پۇلى ئاتاش مۇراجىئەتنامىسى» يوللاپ، **"ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۈتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 261-ئايەت} دېگەن ئايەتنىڭ ۋە **"سەدىقە بېرىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپتۇر"** دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ "ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش"، "نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش" تەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپەت رايونىدىكىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ماكانىنى قايتا قۇرۇۋېلىشىغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشكە چاقىرىق قىلدى. جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇراجىئەتنامىسىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ناھايىتى تېزلا ئاپەت رايونىغا ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپەت رايونىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم قولىنى سۇندى. 6-ئاينىڭ 30-كۈنىگە قەدەر خېبېي، شىزاڭ قاتارلىق 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى مۇسۇلمانلار ئىئانە قىلغان جەمئىي 661 مىڭ 515 يۈەن 4 مو ئىئانە پۇلنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە يوللاپ بەردى. جەمئىيىتىمىز بۇ پۇلنى ئاپەت رايونىدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە خەتەرلىك بولۇپ قالغان مەسچىتلەرنىڭ رېمونتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە شىنجاڭ ئاپەت رايونىغا يوللاپ بەردى. تۆۋەندە ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇلار ئىئانە قىلغان پۇلنىڭ سانىنى ئېلان قىلدۇق. ئاللاھ تائالا بۇ ئىئانىچىلارغا ساۋاب ئاتا قىلغاي-ئامىن!

1. خېبېي ئۆلكىسى: 87 مىڭ 916 يۈەن 5 مو
2. شىزاڭ (لاسا شەھىرى): 82 مىڭ 260 يۈەن
3. خېنەن ئۆلكىسى: 70 مىڭ يۈەن
4. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى: 67 مىڭ 540 يۈەن 5 مو
5. تيەنجىن شەھىرى: 51 مىڭ 80 يۈەن 7 مو
6. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى: 50 مىڭ يۈەن
7. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى: 39 مىڭ 699 يۈەن 2 مو
8. سەندۇڭ ئۆلكىسى: 34 مىڭ 953 يۈەن
9. جېجياڭ ئۆلكىسى: 27 مىڭ 714 يۈەن 2 مو
10. لياۋنىڭ ئۆلكىسى: 24 مىڭ 9 يۈەن
11. جياڭسۇ ئۆلكىسى: 20 مىڭ 4 يۈەن 7 مو
12. گۇيجۇ ئۆلكىسى: 16 مىڭ 769 يۈەن
13. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى: 16 مىڭ 746 يۈەن
14. چىڭخەي ئۆلكىسى: 16 مىڭ 370 يۈەن 4 مو
15. خۇبېي ئۆلكىسى: 12 مىڭ 592 يۈەن
16. گەنسۇ ئۆلكىسى: 10 مىڭ 253 يۈەن 2 مو
17. شاڭخەي شەھىرى: 10 مىڭ يۈەن
18. خۇنەن ئۆلكىسى: 7 مىڭ 613 يۈەن
19. ئەنخۇي ئۆلكىسى: 5 مىڭ 104 يۈەن
20. چۇڭچىڭ شەھىرى: 5 مىڭ يۈەن
21. خەينەن ئۆلكىسى (سەنيا شەھىرى): 3 مىڭ 270 يۈەن
22. فۇجيەن ئۆلكىسى: 2 مىڭ يۈەن.

(ماتېرىيالنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي ئىشلار بۆلۈمى تەمىنلىگەن)

www.uyghurkitap.com

## ئىسلام مائارىپى

### شنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى 98-يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى 98- يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى 6- ئاينىڭ 19-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلدى . مۇراسىمغا دارىلفۇنۇننىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماخۇگسەن رىياسەتچىلىك قىلدى . مۇراسىمغا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى هاپىز نىياز، مۇئاۋىن مۇدىرى شۇ شىجى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جو يىكېن،ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم رۇزى قاتارلىقلار ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇننىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى- تالىپلىرى قاتناشتى. بۇ قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپ 52 نەپەر بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان . ئوقۇش جەريانىدا ئۇلارغا ئەسلىدىكى دەرس پروگراممىسى بويىچە بەلگىلەنگەن دىنىي دەرس، ئەرەب تىلى، مەدەنىيەت دەرسى، سىياسى- قانۇن دەرسلىرىدىن سىرت، مەخسۇس تېمىلار بويىچە نۇرغۇن لېكسىيىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا 9 دەرستىن يازما ۋە ئېغىزاكى ئىمتىھان ئېلىندى. ئېغىزاكى ئېلىنغان ئىمتىھانغا ئۈرۈمچىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى شىرىپجان داموللا ھاجىم، ئۈرۈمچى شەنشى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مائەنتەي ئاخۇن قاتارلىق داڭلىق ئۆلىمالار مەسئۇل بولدى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى يېزىپ، ماقالە ياقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . مۇراسىمدا دارىلفۇنۇننىڭ باش مەسئۇلى ئېزىز دۆلەت ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلارنىڭ بەش يىللىق ئوقۇش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلار ۋەكىلى ۋە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ۋەكىلى ئايرىم-ئايرىم سۆزگە چىقىپ، تالىپلارغا ۋاكالىتەن ئۆز ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى . ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلار مەكتەپكە سوۋغا تەقدىم قىلدى . ئاخىرىدا مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى هاپىز نىياز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد-تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(ماتېرىيالنى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تەمىنلىگەن)

### قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ 10- قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى

2003- يىل 6- ئاينىڭ 18- كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ 10-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچى-تالىپلار بولۇپ 140 كىشى قاتناشتى. بۇ قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپ 40 نەپەر بولۇپ، ئۈچ يىل ئوقۇپ لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈردى. مۇراسىمدا 10" ئۈچتە ياخشى" تالىپ، 4 ئىلغار خىزمەتچى مۇكاپاتلاندى. (ياقۇپ ھاجى)

### قىزىلسۇ ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي مەكتىپىنىڭ 4- قارارلىق تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ 4- قارارلىق تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى 2003- يىلى 6- ئاينىڭ 5-كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، مەكتەپكە ياردەم قىلغان دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما ۋەكىللىرى قاتناشتى. بۇ قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن 44 نەپەر تالىپ ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك مىللىتىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، نەتىجىسى ياخشى بولغان 10 تالىپقا مۇراسىم ئاخىرىدا تەقدىرنامە تارقىتىلدى، بارلىق تالىپلارغا تون يېپىلدى. بۇ تونىنى ئالدىن بېيىغان تىجارەتچىلەردىن بىرەيلەن ئىئانە قىلدى.

( غالىبىيەت ھاجىم)

### مەكىت ناھىيىسى غەسسالە (ئايال مېيىت يۇيغۇچى)لەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان تۇنجى قارارلىق غەسساللەرنى تەربىيىلەش كۇرسى 2003- يىل 4- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئېچىلدى، كۇرستا 218 غەسسالە تەربىيىلەندى؛ 2- قارارلىق كۇرس 5- ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 7 -كۈنىگىچە ئېچىلدى، 120 غەسسالە تەربىيىلەندى. (توختى ئاۋۇت)

### گۇما ناھىيىسىدە غەسساللەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

گۇما ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە 4-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە چەت-ياقا جايلاردىن كەلگەن 50 تىن كۆپ ئايالنى قاتناشتۇرۇپ، غەسسالە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. (ئابدۇلئەھەت ئالىم)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

♥ **يەكەن ناھىيە** چارەك بازارلىق بەشتوغراق كەنتى مەسچىتىنىڭ ئىمامى **يۈسۈپ قادىر** بۇ يىل 4- ئايدا بەشتوغراق باشلانغۇچ مەكتىپكە 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (سادىق قارىم)

♥ **قاغىلىق ناھىيە** ئۇششاقباش بازىرى 8-كەنت مەسچىتىنىڭ خاتىپى، بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى **ئابلەت ياسىن ھاجى** بۇ يىل 3- ئايدا بازار مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپكە 20 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ياساتتىپ بەردى ۋە 2 ئوقۇغۇچىغا ماددىي ياردەم بەردى؛ بۇ يېزىدىكى 20 دىنىي زاتمۇ مەكتەپكە 240 يۈەن نەق پۇل، ياغاچ ئىئانە قىلدى. 2002- يىلى 7- ئايدا شۇ بازارنىڭ دۆڭ مەسچىت خاتىپى **ساۋۇت ياقۇپ** قاتارلىق 3 دىنىي زات كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 1400 يۈەن قىممىتىدە 20 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ياساتتىپ بەرگەنىدى، بۇ يىلمۇ ئۇلار 15 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ياساتتىپ 5-كەنت مەكتىپىگە تەقدىم قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

♥ **يېڭىسار ناھىيە** بازارلىق ھۆكۈمەت داشقاللىق ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى **ئېزىز خەلىپە** ھۈنەر بىلەن بېيىغاندىن كېيىن، 1985- يىلدىن بۇيان يەرلىك مائارىپقا 60 مىڭ يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ماددىي بويۇم ئىئانە قىلدى. 16 ئادەمنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ھۈنەر ئۆگەتكەندىن باشقا، ھەر ئايدا ئۇلارغا 300-400 يۈەندىن ئىش ھەققى بەردى؛ تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆيلىنەلمىگەن 3 نەپەر ياشنى ئۆز يېنىدىن 3000يۈەن چىقىرىپ ئۆيلەپ قويدى. (تۇنسا ئوسمان، ھۈسەيىن مەتتىمىن)

♥ **مەكىت ناھىيە** مەكىت بازىرى پاختا بازار ئىجتىمائىي رايون مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى **ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇپ**2000- يىلدىن بېرى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى ئېغىر 13 ئائىلىگە ۋە يېتىم-يېسىرلەرگە 3500 جىڭ گۈرۈچ تارقىتىپ بېرىشتىن باشقا 5000

يۈەن ئىئانە قىلدى. (توختى ئاۋۇت)

♥ **لوپ ناھىيە** ناۋا يېزا ئارىش كەنت توغراق مازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئىمىنتوختاخۇن**، شۇ كەنت دومبا مەسچىتىنىڭ ئىمامى **تۇرسۇنتوختى ئاخۇن** 2002- يىلى 10- ئايدا ئۆز يېنىدىن 6500 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ كۆۋرۈك سېلىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. (تۇرسۇنتوختى مەتتىمىن)

♥ **ئاقتۇ ناھىيە** بارىن يېزىسىدا 2003- يىل 6- ئاينىڭ 12- كۈنى ئېغىر دەرىجىدە مۆلدۈر ۋە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلقنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، بۇ ئەھۋالدا يېزا تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى **ئىسمائىل مەخسۇم ھاجى**نىڭ سەپەرۋەرلىكىدە 2215 يۈەن نەق پۇل، 50 كىلوگرام قوي گۆشى، 500 نان ئېلىپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا يەتكۈزۈپ بەردى. (سىيىتئەمەت قادىر)

♥ **ئۇچتۇرپان ناھىيە** ئاقيار يېزا تېپىن كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئەمەتجان تۇردى قارى** باشچىلىقىدىكى دىنىي زاتلار يېقىندا يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە 2000 يۈەن قىممىتىدە ئوتتۇن ئەكىلىپ بېرىپ، مەكتەپنىڭ يېقىلغۇ ئوتتۇن قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. (مەھەممەت مۇرتىزا)

♥ **غۇلجا ناھىيە** ئونيار يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى كەلكۈن ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلاردىكى ئاممىغا 55 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئابدۇۋەلى ئەخمەت)

♥ **تۇرپان ۋىلايىتىدىكى** دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئېتىقادچى ئامما نامرات ئائىلىلەرگە 121 مىڭ 527 يۈەن، مائارىپقا 91 مىڭ 150 يۈەن، يېزىلارنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا 222مىڭ 854 يۈەن ئىئانە قىلدى. (شائەمەردان ئىمىنىياز)

♥ **تۇرپان شەھىرى** چاتقال يېزا ھاجىنكارىز كەنتى 3- دۆيدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات **قادىر خەلپە** بۇ يىل قۇربان ھېيت ھارپىسىدا يېزا تەۋەسىدىكى 100 نامرات ئائىلىگە 7500 يۈەن قىممىتىدە 500 كىلوگرام گۆش ياردەم قىلدى. يەنە شۇ يېزىغا قاراشلىق بەشبالا كەنتى 2- دۆي مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئابدۇرېشىت يۈسۈپ ھاجى** ئۆز كەنتىنىڭ كارىز سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى؛ بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق **ئابدۇرېشىت قادىر، ئېلى سېتى، ئەخمەت نۇردىن** قاتارلىق ساخاۋەتچىلەرمۇ ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا 14 مىڭ يۈەنگە يېقىن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (شائەمەردان ئىمىنىياز)

♥ **تۇرپان شەھىرى** يار يېزا يارغول 4- دۆي جامى مەسچىتىنىڭ خاتىپى **مارىم قارىي ھاجى** جۈمە نامىزىدا ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ 1027 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئىككى پۇتى يوتىسىدىن سۇنغان بىرەيلەننىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ياردەم قىلدى. (مەنسۇرجان مەھەممەت)

♥ **پىچان ناھىيىسىدىكى** دىنىي زاتلار ئۆتكەن يىلدىن بۇيان نامرات، ئىگە-چاقىسىز ئائىلىلەرگە 40 مىڭ 803 يۈەن، مائارىپقا 32 مىڭ 198 يۈەن ئىئانە قىلدى. (تاھىرجان قادىر)

♥ **پىچان ناھىيىسىنىڭ** پىچان يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار يېقىندا ھەمكارلىشىپ، داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلىيەلمىگەن 210 كىشىنىڭ 3780 يۈەنلىك بىر يىللىق داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلىۋەتتى. (ئوسمان ھەبىبۇللا)

♥ **پىچان ناھىيىسى** لەمجىن بازىرىغا تەۋە خاندورايونى شا كەنتى مەدرىس مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى **ئابدۇراخمان باقى نىياز ھاجى** يېقىندا مائارىپقا 2000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(كېرىم روزى)

♥ **بىگتۇەن** 4-دىۋىزىيە 64- تۇەن مەيدانىدىكى 100دىن ئارتۇق دىنىي زات ۋە مەسچىت جامائىتى شۇ جايدا مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغانلارنىڭ 383 مو يەردىكى ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنى قايتا تولۇقلاپ تېرىشىپ بەردى. (تۇرغان تۆمەر)

♥ **بىگتۇەن** يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 52-تۇەن مەيدان 6-لىيەندىكى دىنىي زاتلار ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ 4800 يۈەن نەق پۇل توپلاپ، شۇ جايدىكى 7 ياشلىق بىر ئۆسمۈرنىڭ تاسادىپىي زەخىملەنگەن كۆزىنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

(مەتتىمىن يۈسۈپ)

♥ **بىگتۇەن** يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە 51-تۇەن بازار مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئابلا قارىي ھاجىم، ئىمامى نۇرمەخمەت داموللا ھاجىم** بازاردىكى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ 5000 يۈەن ئىئانە توپلاپ (بۇنىڭدىن باشقا يەككە تىجارەتچى **ئابلەت تۇردى** 7000يۈەن ئىئانە قىلىپ)، 12 كىلومېتىر يولنى ياخشىلاپ ياسىدى.

(رىزۋانگۈل ھاشىم، پاتىگۈل ئەۋەل)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

♥ **ئاتۇش شەھىرى** ئازاق يېزا لەنگەر كەنت 1- مەھەللىدىكى يەككە تىجارەتچى **ھەسەن ھاجى ئابلىمىت** ئۆز يېنىدىن 4000 يۈەن چىقىرىپ، مەھەللە مەسچىتىگە مۇنار ۋە دەرۋازا ياساپ بەردى، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(غېنىجان يۈسۈپ)

♥ **ئاتۇش شەھىرى** ئازاق يېزا قۇلانچى كەنت 2- مەھەللىدىكى يەككە تىجارەتچى **پەيزۇللا مەھمۇت** 8000 يۈەن چىقىرىپ مەھەللە مەسچىتىگە مۇنار ياساپ بەردى، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 110مىڭ دانە خىش، مېيى ئوتتۇرا مەكتىپىگە 120 مىڭ دانە خىش ياردەم قىلدى؛ بۆرەك ئالماشتۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بىرەيلەننىڭ داۋالىنىشىغا 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. (غېنىجان يۈسۈپ)

♥ **بىگتۇەن** يېزا ئىگىلىك 4- دىۋىزىيە 64- تۇەن مەيدانىنىڭ چارۋىچىلىق لىيەندىكى **بۇۋىم نۇرغىشا(قازاق)** چارۋىچىلىق لىيەن مىللىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇۋاتقان، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ ئاشخانىسىغا 20 خالتا ئۇن، 30 كىلوگرام ياغ، 1000 يۈەن نەق پۇل بەرگەندىن باشقا، لىيەن مەسچىتىنى رېمونت قىلىشقا 5000 دانە خىش، 2000 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. يەنە 64- تۇەن 12- لىيەندىكى يەككە تىجارەتچى **ئەكرەم ئوسمان** لىيەندىكى 22 ئائىلىلىك نامرات ئىشچىغا 9000 يۈەنلىك 1500 كىلو گۈرۈچ، 1200 كىلو ئۇن، 120 كىلو ماي ئېلىپ بەرگەندىن باشقا، لىيەندىكى يېڭى ياسىلىۋاتقان مەسچىتكە 20 مىڭ يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. (تۇرغان تۆمەر)

♥ يېقىندا يېزا ئىگىلىك3- دىۋىزىيە 51- تۇەن مەيدانىدىكى يەككە تىجارەتچىلەردىن **راخمان قارى، غېنى ئوسمان، مۇتەللىپ** قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم 5000 يۈەندىن ۋە باشقا يەككە تىجارەتچىلەر 5000 يۈەن ئىئانە توپلاپ، نېرۋا كېسەللىكى داۋالىتىپمۇ ساقايتالماي، ئىقتىسادتا قىيىنلىپ قالغان بىر ئائىل يەككە تىجارەتچىنىڭ تېخىمۇ ياخشى داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

(رىزۋانگۈل ھاشىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھىجرىيە 1424-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى(ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامزان | مىلادىيە 2003-يىل | ھەپتە كۈنلىرى | سوھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | دىگەر | شام- ئىپتار | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 27-10 | دۈشەنبە | 3:57 | 4:56 | 6:43 | 12:25 | 14:56 | 17:08 | 17:58 |
| 2 | 28 | سەيشەنبە | 3:58 | 4:57 | 6:44 | 12:25 | 14:55 | 17:07 | 17:57 |
| 3 | 29 | چارشەنبە | 3:59 | 4:58 | 6:45 | 12:25 | 14:54 | 17:06 | 17:56 |
| 4 | 30 | پەيشەنبە | 4:00 | 4:59 | 6:46 | 12:25 | 14:53 | 17:05 | 17:55 |
| 5 | 31 | جۈمە | 4:01 | 5:00 | 6:47 | 12:25 | 14:52 | 17:04 | 17:54 |
| 6 | 1-11 | شەنبە | 4:02 | 5:01 | 6:48 | 12:25 | 14:51 | 17:03 | 17:53 |
| 7 | 2 | يەكشەنبە | 4:03 | 5:02 | 6:49 | 12:25 | 14:50 | 17:02 | 17:52 |
| 8 | 3 | دۈشەنبە | 4:04 | 5:03 | 6:50 | 12:25 | 14:49 | 17:01 | 17:51 |
| 9 | 4 | سەيشەنبە | 4:05 | 5:04 | 6:52 | 12:25 | 14:48 | 17:00 | 17:50 |
| 10 | 5 | چارشەنبە | 4:06 | 5:05 | 6:53 | 12:25 | 14:47 | 16:59 | 17:49 |
| 11 | 6 | پەيشەنبە | 4:07 | 5:07 | 6:54 | 12:25 | 14:46 | 16:58 | 17:48 |
| 12 | 7 | جۈمە | 4:08 | 5:08 | 6:55 | 12:25 | 14:45 | 16:57 | 17:47 |
| 13 | 8 | شەنبە | 4:09 | 5:09 | 6:56 | 12:25 | 14:44 | 16:56 | 17:46 |
| 14 | 9 | يەكشەنبە | 4:10 | 5:10 | 6:57 | 12:25 | 14:43 | 16:55 | 17:45 |
| 15 | 10 | دۈشەنبە | 4:11 | 5:11 | 6:58 | 12:25 | 14:42 | 16:54 | 17:44 |
| 16 | 11 | سەيشەنبە | 4:12 | 5:12 | 6:59 | 12:25 | 14:41 | 16:53 | 17:43 |
| 17 | 12 | چارشەنبە | 4:13 | 5:13 | 7:00 | 12:25 | 14:40 | 16:52 | 17:42 |
| 18 | 13 | پەيشەنبە | 4:14 | 5:14 | 7:01 | 12:25 | 14:39 | 16:51 | 17:41 |
| 19 | 14 | جۈمە | 4:15 | 5:15 | 7:02 | 12:25 | 14:38 | 16:50 | 17:40 |
| 20 | 15 | شەنبە | 4:16 | 5:16 | 7:03 | 12:25 | 14:37 | 16:49 | 17:39 |
| 21 | 16 | يەكشەنبە | 4:17 | 5:18 | 7:04 | 12:25 | 14:36 | 16:48 | 17:38 |
| 22 | 17 | دۈشەنبە | 4:18 | 5:19 | 7:05 | 12:25 | 14:35 | 16:47 | 17:37 |
| 23 | 18 | سەيشەنبە | 4:20 | 5:21 | 7:06 | 12:25 | 14:34 | 16:46 | 17:36 |
| 24 | 19 | چارشەنبە | 4:21 | 5:22 | 7:08 | 12:25 | 14:33 | 16:45 | 17:35 |
| 25 | 20 | پەيشەنبە | 4:23 | 5:23 | 7:09 | 12:25 | 14:32 | 16:44 | 17:34 |
| 26 | 21 | جۈمە | 4:24 | 5:24 | 7:11 | 12:25 | 14:31 | 16:43 | 17:33 |
| 27 | 22 | شەنبە | 4:26 | 5:26 | 7:12 | 12:25 | 14:30 | 16:43 | 17:32 |
| 28 | 23 | يەكشەنبە | 4:29 | 5:27 | 7:14 | 12:25 | 14:29 | 16:42 | 17:30 |
| 29 | 24 | دۈشەنبە | 4:27 | 5:28 | 7:15 | 12:25 | 14:28 | 16:42 | 17:30 |
| 30 | 25 | سەيشەنبە | 4:30 | 5:29 | 7:17 | 12:25 | 14:27 | 16:41 | 17:29 |
| شەۋۋال | 26 | چارشەنبە | 4:31 | 5:30 | 7:18 | 12:25 | 14:26 | 16:41 | 17:29 |

ئۈرۈمچى شەھرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھرىدىن | مىنۇت بۇرۇن |
|---|---|
| 1. ئالتاي شەھرى | 19 |
| 2. قۇمۇل شەھرى | 6 |
| 3. تۇرپان شەھرى | 5 |

| ئۈرۈمچى شەھرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|
| 1.خوتەن شەھرى | 49 |
| 2.قەشقەر شەھرى | 58 |
| 3. ئاتۇش شەھرى | 57 |
| 4. ئاقسۇ شەھرى | 35 |
| 5.غۇلجا شەھرى | 28 |
| 6.كورلا شەھرى | 10 |
| 7.سانجى شەھرى | 5 |
| 8.شىخەنزە شەھرى | 3 |

بۇ جەدۋەلنى مۇھتەرەم ھاجى ئىشلىگەن

# ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچى ئاپتورلار سەمىگە

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئىسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئالىملىرى، تەتقىقاتچىلىرى، كەسپىي خادىملىرى ۋە ئىسلامىيەت زوقمەنلىرىدىن تەركىپ تاپقان كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەنئەنىلىرىگە دائىر قىزىقىشىنى ۋە تەتقىق- مۇھاكىمە ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار يېقىنقى دائىرىدە نۇرغۇن ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى قىزغىن قوللاش بىلەن بىرگە، ژۇرنىلىمىز سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ۋە مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزنىڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن، مەزمۇنى ياخشى بولسىمۇ تەلەپكە لايىق بولماي قالدۇرۇۋېتىلگەن ماقالىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ژۇرنالنى سۈپەتلىك ۋە ۋاقتىدا چىقىرىش مەقسىتىدە ئاپتورلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىز:

1. ژۇرنىلىمىز ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشى ساھەسىدىكى بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدىلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان دىنىي ژۇرنال. شۇڭا ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا، ئىسلام ئەنئەنىسىگە، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا ئائىت بولمىغان ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزغا بېرىلمەيدۇ. دىنىي ماقالىلەرنى ئاپتورلار ئەڭ ياخشىسى شۇ يەردىكى ئۆلىمالاردىن بىرسىگە كۆرسىتىپ ۋە تەقرىز يازغۇزۇپ ئەۋەتىشى كېرەك. دىنىي كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئاپتورلار دىنىي ئىلمىگە چېتىلىشىدىغانلا مەزمۇن بولسا، دىنىي زاتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇۋېتىپ ياكى شۇ مەزمۇنغا دائىر دىنىي بىلىملەر ئەسەرلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئاندىن ماقالىنى تۈزىتىپ ئەۋەتىشى كېرەك.

2. «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»تىن نەقىل ئېلىپ يېزىلغان ماقالىلەردە، «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنىڭ نومۇرى (قانچىنچى سۈرە، قانچىنچى ئايەت ئىكەنلىكى)، ھەدىس شەرىفنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى، نەقىل ئېلىنغان ئەسەرنىڭ ئىسمى ۋە بەت نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك (ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىنىڭ«قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى ئاساس قىلىنىدۇ)، ئۇنداق بولمىسا ژۇرنىلىمىزدا بېرىلمەيدۇ.

3. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا، ئىملاسى ۋە تىنىش بەلگىلىرى توغرا بولۇشى، ئەڭ ياخشىسى كومپيۇتېردا بېسىلغان نۇسخىسى بولۇشى كېرەك. ئىملا قائىدىسى بويىچە ئۆلچەملىك يېزىلمىغان ماقالىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ. دىنىي زاتلار، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك ئاپتورلار ئۆز ماقالىسىنى مەلۇم يېزىقچىلىق سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرگە تۈزەتكۈزۈپ ئەۋەتىشى كېرەك.

4. ژۇرنىلىمىز ئومۇمەن تەرجىمە ماقالىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ، تەرجىمە قىلىش زۆرۈر بولغان ماقالىلەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ناۋادا تەرجىمە قىلىنغان مۇھىم ماقالە بولسا، بۇ ماقالىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى(ئەرەبچە، پارسچە ياكى خەنزۇچە)نى بىللە ئەۋەتىشى كېرەك. تەرجىمە ماقالىسىنى ئۆزى نامىدا ئۆز ئەسىرى قىلىپ ئەۋەتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

5. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر ژۇرنالغا بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئومۇمەن ئاپتورغا قايتۇرۇلمايدۇ، ئايرىم دىنىي ماقالىلەردىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە زۆرۈر تېپىلغاندا، تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاپتور بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، شۇڭا ئاپتور ئۆز ماقالىسىنىڭ ئەسلى ئورىگىنالىنى ساقلاپ قويۇشى كېرەك. ئالاقىلىشىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئېنىق ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويۇشى كېرەك.

6. ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرى ئىخچام ۋە مەلۇم بىر مەزمۇن چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىلگەن ماقالىلارغا قىزىقماقتا. ژۇرنىلىمىز سەھىپىسى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئاپتورلارنىڭ ئۆز ماقالىلىرىنى شۇ تەلەپ بويىچە يېزىپ ئەۋەتىشىنى، ماقالىنىڭ ئادەتتە ژۇرنىلىمىزدا 3—5 بەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز. بەك ئۇزۇن ماقالىلار ژۇرنىلىمىزدا بېرىلمەيدۇ.

7.ئىقتىدارلىق فوتوگراف ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا ئائىت ياخشى ھەم بەدىئىيلىكى يۇقىرى سۈرەتلەر ۋە سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



ئۇيۇشتۇرۇشتىكى 2003-يىللىق مۇشتەرىلەرنى سەرخىل ۋىلايەت ۋە ناھىيە(شەھەر)لەر

قەشقەر ۋىلايىتى    خوتەن ۋىلايىتى    ئاقسۇ ۋىلايىتى

| | | | |
|---|---|---|---|
| يەكەن ناھىيىسى | كوناشەھەر ناھىيىسى | قاراقاش ناھىيىسى | ئونسۇ ناھىيىسى |
| باي ناھىيىسى | قەشقەر شەھىرى | كورلا شەھىرى | خوتەن ناھىيىسى |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | قاغىلىق ناھىيىسى | تۇرپان شەھىرى | پوسكام ناھىيىسى |
| خوتەن شەھىرى | كېرىيە ناھىيىسى | ئاقسۇ شەھىرى | ئاقتو ناھىيىسى |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | لوپ ناھىيىسى | مارالبېشى ناھىيىسى | قۇمۇل شەھىرى |
| ئاۋات ناھىيىسى | توقسۇ ناھىيىسى | گۇما ناھىيىسى | |


جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

《中国穆斯林》(维吾尔文版)

ISSN 1007-5836

9 771007 583001 09>

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: 国际标准刊号：ISSN1007－5836

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: 国内统一刊号：CN11－1346/B

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 国内邮发代号：（新）58－167

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 国外发行代号： Q1720

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ 公开发行

باھاسى: 4 يۈەن 定价：4元